www.kitaphumar.net

# يىپشىل پەيلىك تونۇ

(پوۋېست)

س . م . رامىزان

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: كىتاپخۇمار بىلوگى 2015-يىلى 12-ئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى

www.kitaphumar.net

# 1

يېزا باشلىقىنىڭ ھەر ئېغىز گېپى سامۇش مۇدىرغا شۇنچىلىك قوپال، زەردىلىك، پاتقاق گازى كۆلچىكىدىن بۇرخۇپ چىقىدىغان غەلىتە، تەسۋىرلىگۈسىز سېسىق پۇراقتىنمۇ بەتەر سېسىق تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنچە كەڭرى مەجلىسخانا تار ھەم قاراڭغۇدەك بىلىنىپ، بېشى قېيىپ ھەممە نەرسە تەۋرىنىۋاتقاندەك، نەپىسى قىسىلغاندەك ئارامسىزلاندى. ئۇنىڭ كۆزى يېزا باشلىقىنىڭ توختىماي مىدىراۋاتقان ئېغىزىغا تىكىلگەن بولسىمۇ، كاللىسى قوداڭشىپ قۇلىقىغا ئۇنىڭ گېپى چالا-بۇلا ئاڭلىناتتى. بەلكىم باشقىلارنىڭمۇ يانتاقتا ئولتۇرۇۋالغاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالغانلىقىغا قارىغاندا، بىمەسەل گەپتىن ئۇلارمۇ تامامەن بىزار بولىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىش قىلىپ مەجلىس ئەھلىنىڭ يۈزىدە بۇلۇت يامراپ، كۆڭلىنى بىئاراملىق چۇلغىۋالغان ئىدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، لېكىن سامۇش مۇدىرغا بۇ «دەبدەبىلىك مەجلىس» نىڭ ۋاقتى گويا بىر ئەسىرگە سوزۇلغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

-.... گەپنىڭ پوسكاللىسى مانا شۇ، ھەر قايسىڭىز كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ يىللىق چۈجە بېقىش ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىساق قەتئىي بولمايدۇ، ھە! بولمايدۇ. ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئۈيتېپتىر كەنتىنى نوقتا قىلىپ چۈجە بېقىشنى سىناق قىلغان ئىدۇق، گەرچە ئۈنۈم دىگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق. شۇڭا بۇ يىلمۇ يەنىلا ئۈيتېپتىر كەنتىنى مۇھىم بازا قىلىپ، قالغان كەنت-مەھەللىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ توخۇ باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرىمىز، ھە راۋاجلاندۇرىمىز. بۇ يىل ئۈيتېپتىرلىقلار ئاسراش، بېقىشنى كۈچەيتىشى، بىرمۇ چۈجىنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، كىمدە-كىم بىرەر يېرىم چۈجىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا بەش ھەسسە جەرىمانە تۆلەيدۇ، ھە، تۆلەيدۇ! ...

يېزا باشلىقى دائىملا بېشىدىن ئالماي كىيىپ يۈرىدىغان خۇرۇم كەپكىسىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، شۇنچىلىك كەسكىن، شۇنچىلىك زەردە بىلەن قاپاقلىرىدىن مۆلدۈر ياغدۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى.

-.... ھەر قايسىڭىز بولۇپمۇ ئۈيتېپتىر كەنتىكىلەر يەنە «يامىنى كەلسە بۇ يىلمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدەكلا جەرىمانە بىلەن بولدى قىلىۋاتىدىكەنغۇ» دەپ خام خىيال قىلىشماڭ، ھە، خام خىيال قىلىشماڭ! بۇ يىلقى «چۈجە بېقىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش» توغرىسىدا ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭمۇ ئېنىق يوليۇرۇقى بار، ۋەزىپە ئورۇنلاشتا كىمدە-كىم ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئاۋۇ مۇدىرلىق تاجىنى داۋاملىق كىيىۋېرىمەن دەپ تەما قىلىپ يۈرمىسۇن ...

ئېيتاۋۇر خېلى بىر چاغ بولغاندا سامۇش مۇدىرنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان قۇلىقىغا، يېزا

www.kitaphumar.net

باشلىقىنىڭ «مەجلىس تامام» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى گېپى خېلى ئېنىق ئاڭلاندى. ئاشۇ دەبدەبىلىك سۆزلەر ئىچىدە پەقەت شۇ ئىككى سۆزلا ئۇنىڭ قۇلىغا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ چىلىڭ سىقىپ قويۇپ بىرىلگەن پۇرجۇندەكلا سەكرەپ قوپۇپ، ئەتراپىدا قارا ھېرىدەك غۇدۇرىشىۋاتقانلارغىمۇ پەرۋايى پەلەك، مەجلىسخانىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

ئۇ نەچچە كۈن ئاچ قالغان لالما ئىت ئامالسىزلىقتىن تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قارىتىپ سوزۇپ ھۇۋلىغاندەك، بېشىنى قاتايتىپ، قوغۇشۇن رەڭ ئاسمانغا قاراپ بوغۇلۇپقىنە «ئۇف...!» دېگىنىچە ئېغىر تىندى. ئۇ شۇ بىر ئېغىر تىنىق بىلەن قورسىقىدىن نەچچە ئون تۇلۇم سىقىلىش چىقىپ كەتكەندەك سەل-پەل ئاراملىق ھېس قىلدى. لېكىن، مۇدىر، ئورۇنباسار مۇدىر، بوغالتىر ... دېگەندەك ئالامانلار بىلەن لىق تولغان مىگقلىسخانىدىكى بەتبۇي ھاۋادىن ئېسىلگەن ئۆپكىسى، سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن ئۇچرۇشۇپ، تومۇزدا سۇسىرىغان گىياھ يامغۇر تامچىسىدىن ياشارغاندەك راھەت بىلىنىپ، قورسىقى سەل بوشىغاندەك سېزىلسىمۇ، ئەمما مېڭىسى گويا بىر توپ قارا ھېرە كىرىۋالغاندەك قىمىرلاپ تېخىچىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ يامغۇردا قالغان ئەسكى تېرەدەك سالپايغىنىچە روھسىز بەدىنىنى تەستە سۆرەپ، ئەتتىگەندە «سۇپەك» نى توختىتىپ قويغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. لۆسۇلدەپ مېڭىۋېتىپ تۇرۇپ-تۇرۇپلا چىڭقىلىپ لۇقۇلداۋاتقان كاللىسىنى سىلكىپ-سىلكىپ قوياتتى.

- بولە گاچ-گاچ، «سۇپەك» نى ئوت ئالدۇر، ماڭىمىز- دېدى سامۇش مۇدىر «سۇپەك» نىڭ ئۇيەر، بۇ يېرىنى تىتماسلاپ تۇرغان ئۇرۇق، شوينا بەل بالىغا سۇرۇن نەزەردە قاراپ.

بالا «سۇپەك» نىڭ ماي تەپكىلىرىنى تەكشەپ، تەپسىلى قارىغىنىچە ئۇنىڭ ئەتراپىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، سايمان ساندۇقىدىن ئايلاندۇرغۇچ (رۇياتكا ياكى ياۋبازا) نى ئېلىپ ماتۇرنى ھەركەتلەندۈردىغان چۈيۈنچاقنىڭ تۆشىكىگە ئاۋايلاپ سالدى. ئۇ ئوڭ قولىدا ئايلاندۇرغۇچنى مەھكەم تۇتۇپ، سول قولىدا «سۇپەك» نىڭ ئالدى چاقىغا تايىنىپ، كۈچەپ تۇرۇپ بىر نەچچىنى ئاستا ئايلاندۇردى، ھەر قېتىم كۈچىگەندە شوينىدەك ئىنىچكە بېلى چەتئەل فىلىملىرىدە پات-پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان غىلجىڭ ئۇسۇلچىنىڭ رېزىنكەسىمان بېلىدەك تولغۇنۇپ، چوڭچەكتەك كۆزلىرى پولتىيىپ كېتەتتى. شۇ تەرىزدە كۈچەپ ماتۇر چاقىنىڭ ئايلىنىشىنى بارا-بارا تېزلىتىپ، ماتۇر تۇرخۇنىدىن قويۇق قارا ئىس بۇرخۇناقلاپ چىققاندىن كېيىن ئايلاندۇرغۇچنى ئەپچىللىك بىلەن چاقتىن ئاجراتتى. كۈچلۈك پاقىلدىغان ئاۋاز ئەتراپنى بىر ئالدى.

سامۇش مۇدىر بودەك تېنىگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل چاققانلىق بىلەن كوزۇپقا لىككىدە سەكرەپ چىقىپ، توپا-تۇماندىن رەڭگىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان تەگلىماتقا، ئېغىر يۈك ئارتىلغان تۆگە لوككىدە چۆككەندەك ئولتۇردى-دە:

- مەھەللىگە ھەيدە- دېدى. ئۇنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ تەلەپپۇزى «شوپۇر» بالىغا خۇددى بىرەر

www.kitaphumar.net

www.uyghurkitap.com

هاكىم ياكى ۋالى خاس شوپۇرىغا بۇيرۇق قىلغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بالا بىر ئاز تېڭىرقىغاندەك بولۇپ تەستە ئېغىز ئاچتى:

ـ ئەتتىگەندە بىز بىلەن بىرگە كەلگەنلەر ....؟

ـ كارىڭ بولمىسۇن، ھەيدە تېز!

بالىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغىچە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ بولغان سامۇش مۇدىر كەسكىن بۇيرۇق قىلدى. كەنت مۇدىرىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئۆزى ئۇچۇن مۇقەددەس بۇيرۇق دەپ بىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەركىتىگە، بولۇپمۇ يۈز-كۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىگە قاراپ ئىش قىلىپ ئۆگىنىۋالغان «شوپۇر» بالا «سۇپەك»كە كۆچەپ ماي بەردى. «سۇپەك» ئالدىغا قاڭقىپ، قاڭقىپ قوزغالدى. لېكىن بالا نېمىگىدۇ تەقەززا بولغاندەك ئەتراپقا بويۇنداپ قارايتتى. «ئەستا ماۋۇ مۇدىرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ئەمدى، يېزا باشلىقىدىن جاندىن ئۆتكەندەك ئىزا ئىشتىتىمۇ نېمە، ئەتتىگەندە بىر ئوبدان ھەمرا بولۇپ كالگەنلەرنى تاشلاپ قويغىنىمىز نېمىسى؟ كەچتە مەھەللىدە ئۇچرۇشۇپ قالساق سەت بولىدىغان بولدى-دە؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ كېتىۋېتىپ. بالا تىت-تىت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما قايتا چىش يېرىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى كەنت مۇدىرىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى بۇ بالا ئۈچۈن «قانۇن» ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ بالا ئۈچۈنلا ئەمەس، كەنتتىكى چوڭ-كىچىك، پىششىق-توڭلىرى ئۈچۈنمۇ «قانۇن» ئىدى. «مۇدىر» لىقتىن ئىبارەت «ئالتۇن تاج» كەنتتىكىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇنى پادىشاھلاردەك ئىمتىيازغا ئىرىشتۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ ئۈچىدىلا دەپ قويىدىغان سۆزىمۇ شەمشەردەك ئۆتكۈر ئىدى.

«سۇپەك» خىلىدىن كېيىن ئاسپالت يولدىن غەرىپكە بۇرۇلۇپ، ئەگرى-بۈگرى ئېدىرلىقلار، يىراقتىن قارىسا خۇددى تۇزلۇق قاپاقلىلا ئوخشاپ قالىدىغان، ئۇستىدە شور ئۆرلەپ تۇرغان زومچەك-زومچەك دۆمبەللەر، ئېدىرلىق قاپتاللىرىدىن سىرغىپ چىققان زەي سۇلار يىغىلىپ قالغان كىچىك-كىچىك ئويمان-سازلىقلار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، ئىگىز-پەس دالانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان كاتاڭلىق يولغا كىردى. بۇ ئويتېتىر كەنتكە بارىدىغان بىردىن-بىر يول ئىدى. بۇ چەت، خىلۋەت مەھەللىگە بېرىش كەلسە پەقەت مۇشۇ كاتاڭ يول بىلەن ماڭماي ئامال يوق ئىدى.

بالا نېمىدىندۇ ئەنسىرەپ، يولنىڭ ئەركەك-چىشىسىنى ئىنچكە پەرقلەندۈرۈپ، «سۇپەك»نى شۇنچە سىلىق ھەيدەي دېسىمۇ، لېكىن ئات-ئېشەك ھارۋىلىرى تولا قاتناپ، لاقما بولۇپ كەتكەن شورتاڭ يولدا قۇرۇق كوزۇپ ئېگىز-پەس سەكرەپ تىنىمسىز جالداقلايتتى. «سۇپەك» گەرچە بىر خىل تېزلىكتە مېڭىپ كەنت ـ مەھەللىگە يېقىنلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇدىرغا «سۇپەك» نىڭ چاقلىرى جايىغىلا پېتىپ قېلىپ، بىر ئىزىدا چۆرگىلەۋاتقاندەك؛ كوزۇپىمۇ خۇددى ئۈچىسىغا مۆلە ئارتسا ئىزىدا ھۆڭگىرەك ئاتقان يېغىر ئېشەكتەك جايىدىلا جالداقلاۋاتقاندەك؛

www.kitaphumar.net

مېڭىۋاتقىنى «سوُپەك» ئەمەس، بەلكى يول ياقىسىدىكى زومچەك-زومچەك دۆمبەللەر، قىرلاردا ئۆسكەن چوُچوُك بوُيىنىڭ قوُرۇق شاخلىرى گويا قارشى يۆلىنىشكە چېپىۋاتقاندەك؛ ئۆز مەھەللىسى چەكسىز ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيىلاتتى.

كېسەل تەگكەن توخۇدەك شوُمشىيىُپ ئولتۇرغان مۇدىر گەرچە شېغىل تاسقالغاندەك بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا سىرىلىپ-تاسقىلىپ تۇرسىمۇ، قارىماققا ھېچنىمىنى سەزمىگەندەك، پەقەت ئەتراپتىكى دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرگە تىكىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇنقى دەل مۇشۇنداق ئەتىيازدا تۇنجى قېتىم چوُجە تەقسىم قىلغان چاغدىكى تالاش-تارتىشلار ئەگىپ يۈرەتتى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * *

شۇ كۈنى ساموُش مۇدىر ئۆزى يالغۇزلا «ئوۋ» غا چىققان ئىدى. ئۇ تۇپ-تۇز كەتكەن بىر سالا ئېتىزلىقنىڭ بېشىدىن كىرىپ ئارىلاپ تەكشۈرۋاتاتتى. بۇنداق «تەكشۈرۈش» نى كەنت ئەمەلدارلىرى ئۆز ئىچىدە «ئوۋ قىلىش» دېيىشەتتى. يەككە يىگانە «ئوۋ قىلىش» كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ساموُش مۇدىرنىڭ ئەڭ مۇھىم «خىزمەت» لىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئەمىلىيەتتە ئۇنى خىزمەت دىگەندىن كۆرە دېھقانلارنى ئۇچۇقداپ تۇرۇشقا، «تالۇنسىز جەرىمانە» ئېلىشقا «باھانە ئىزدەش» دىگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا دېھقان دېگەننى پات-پات ئۇچۇقداپ تۇرمىسا ھەددىدىن ئېشىۋالاتتى. شۇنداق ئۇ دائىم «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ» ئۇششاق چۈشەك باھانىلەر بىلەن دېھقانلاردىن جەرىمانە ئېلىش، تېرىلغۇسىنىڭ سۈيىنى قىسىش، ئىشقىلىپ دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى مىجىغلى بولىدىغانلىكى ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە ئېگىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرگەن.

مۇدىر يوُقىرى باشلامدىن كىرىپ تەكشۈرۈپ، كىمنىڭ ئېتىزىغا قىغنى بەلگىلەنگەن نورمىغا يەتكۈزۈپ قوُيغان-قوُيمىغانلىقىنى، كىمنىڭ تېخىچە بىرەر چىتەنمۇ قىغ تۆكمىگەنلىكىنى، كىمدىن قانچىلىك جەرىمانە ئېلىش، يەنە كىملەرنىڭ يېرىگە كېلەر قېتىملىق سۈيىنى بەرمەسلىكنىڭ باھانىلىرى ئۈستىدىكى ئىنچكە پىلانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، «شەمبە بازار» دىكى كۆڭۈللۈك ئويۇننىڭ چوتىنى سوققاچ ئەمدىلا «تەكشۈرۈش» نىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ تۇرىشىغا، كەنتنىڭ ئورۇنباسار مۇدىرى سادىق، ياق! مۇدىرنىڭ نەزىرىدىكى «يۈگۈر يېتىمچى، كاتىپ، خەۋەرچى» سى «ئىت قوغلىغان گاچا» دەك پالاقشىپ يۈگرەپ كەلدى.

- ئەس ... ئەس ... ئەسسالامۇ ئە... ئە... ئەلەيكوم مۇدىر، تېز... تېزرەك... - ئۇ ھەسرەپ-ھۆمۈدەپ تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، قانداقتۇ بىر موھىم خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك دۇدۇقلاپ گېپىنى قىلالماي قالدى.

www.kitaphumar.net

ـ ھەي ئاداش، گېلىدا قوناق تۇرۇپ قالغان قېرى خورازدەك غېقىلدىماي ئالدىرماي سۆزلىمەمسىلە مۇنداق، ئاتامغۇ ئۆلۈپ قالمىغاندۇ مېنىڭ؟ـ دېدى مۇدىر تېرىكىپ.

ـ ئاغىزلىرىنى ئۇشتىمىسىلە مۇدىر، سا چىقىپ كەتمىسۇن يەنە، ـ دېدى سادىق سەل ـ پەل ئېسىنى يىغىپ. ـ مۇنداق ئىش، خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن بىر ماشىنا چۆجە ئېپچىقىپتىكەن، دەرھال چۇشۇرۇپ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىۋېتىڭلار، بولمىسا سوغۇق تېگىپ ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ دەپ ئالدىرىتىپ كەتتى.

ـ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مۇشۇنچە پالاقشىش كېتەمدۇ، ئەخمەق! ئالدىرماي كەلسەڭمۇ بولىۋېرەمەمدۇ؟

ـ سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن مەن سىلىنى ئىزدىگىلى نە ۋاق، ئۇلار چىققىلىمۇ خېلى بولۇپ قالدى، چۆجىلەرنى سوغۇق تېگىپ ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ شۇ.

ـ غىڭشىماڭلا ئاداش، يا ئۇ بىر «پاشا» بولمىسا ئانچىكى سوغۇقتا ئۆلۈپ قالىدىغان ـ دېدى مۇدىر سادىققا مەنىلىك قاراپ قويۇپ. سادىق كەپسىز يىگىتنىڭ قىلىن گېپىنى ئاڭلاپ قالغان يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەكلا ھۆپپىدە قىزاردى.

ئۇلار كەنت قورۇسىغا قاراپ يول ئالدى. گەرچە مۇدىر سادىق بىلەن ئۇنى بۇنى دېيىشىپ مېڭىۋاتقاندەك قىلسىمۇ كاللىسىدا چۆجىنى قانداق تەقسىملەشنىڭ پىلانى چۆرگىلەۋاتاتتى. « ھەممىسىنى ئۆزۈملا باقايمۇ يا؟ شۇنداق قىلسامۇ كىم غىدىك ـ پىدىك قىلالايتتى، ياق،ياق! ماڭا چۆجە بېقىپ نىمە كەپتىكەن جاپا تارتىپ، كىملا باقمىسۇن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ گۆش ـ تۇخۇملىرى مەندىن ئاشسا ئاندىن باشقىلارنىڭ بولىدىغان گەپقۇ بەرىبىر! شۇڭا كىمگىلا تەقسىم قىلساق ..... ياق بۇنداق قىلسامۇ بولمىغىدەك، ئەڭ ياخشىسى ئىككى ئاكامنىڭ ئوغۇللىرىغا، سىڭىللىرىمغا بولۇپ بېرىشنىڭ چارىسىنى قىلاي، قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ باھانامدا شۇلار بولسىمۇ كۆزگىچە ئاز تولا پۇلغا ئىگە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس! ناۋادا مۇشۇنداق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويسام كەنتنىڭ باشقا كادىرلىرىنىڭ پىكرى چىقىپ قالسىچۇ؟ چىقىپمۇ قالماس، ھۆكۈمەتمۇ بىرقىسىملارنىڭ ئالدىن بېيىشىنى قوللاش دەپ تەكىتلەۋاتامدۇ، ناۋادا گەپ چىقىپ قالسىمۇ قېنى شۇ چاغدا كۆرەرمەن .... » مۇدىرنىڭ خىيالى بىر باشقا چىقىپ بولغۇچە ئۇلار كەنت تەشكىلى قورۇسىغا كېلىپ قالغان ئىدى.

كەنت تەشكىلى قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان پەلەك يېشىكلەر بېسىلغان ئۇزۇن كوزۇپلۇق بىر ماشىنا توختىتىلغان ئىدى. بىر توپ دېھقانلار ماشىنىنى ئورىۋېلىپ چۆرگىلىشىپ يۈرەتتى. دېھقانلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى بىلەن چۆجىلەرنىڭ تىنىمسىز چۇرۇقلاشلىرى قوشۇلۇپ ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، تىنچ ـ ئامان چىقشىپلا، بەك سەت بوپتۇ، كادىرلىرىمىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمىز ئەمەسمۇ، قېنى خوش ئاۋۋال ئىشخانىغا كىرەيلى، ئىشخانىمىز بىسەرەمجان بولسىمۇ

كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىغايلا- دېدى مۇدىر پاراڭدىن قېچىپ نېرى چەتتە تاماكا چېكىشىپ تۇرغان خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى يەھيا قاتارلىق ناھىيىدىن چىققانلارنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىپ تۇرۇپ. ئۇلار تۈزۈتىسزلا ئىشخانىغا قاراپ مېڭىشتى.

— ئۇقۇشماسلىقتىن باشلىقلىرىمىزنى بەك ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، ئەپۇ قىلىشارلا، ھەرقايسىلىرىنىڭ تەرەپباللا چىقىپ قېلىشلىرىنى پەملىيەلمەپتۇق، بولمىسا يول-يوللارنى سېرىپ-سۈپۈرۈپ، ئاستىللىرىغا پاياندار سېلىپ قارشى ئالغىلى چىقاتتۇق ئەمەسمۇ؟- دېدى ھەممەيلەن ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن.

- بولدى ھېچقىسى يوق مۇدىر، بىزمۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇ يىلدىن باشلاپ ئۈچ يىلغىچە سىلىنىڭ كەنتنى نوقتا قىلىپ ياردەم بېرىپ، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە كەنت دېھقانلىرىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈشنى ھۆتتىگە ئالدۇق، بۇنىڭدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭمۇ خەۋىرى بار. بۈگۈن دەسلەپكى قەدەمدە سىلەرگە ئۈچ مىڭ توخۇ چۈجىسى ئېلىپ چىقتۇق، ئۈچ يىل ئىچىدە مۇشۇ كەنتنى ناھىيىمىز بويىچە نوختىلىق توخۇچىلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مۇشۇ كەسپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئارقىلىق پۈتكۈل كەنت دېھقانلىرىنى ئومۇمييۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزىمىز دېگەن نىشانىمىز بار- دېدى يەھيا ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ- ئەلۋەتتە، ھەرقايسىلىرىمۇ بىز بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، دېھقانلارنى ئىلمى ئۇسۇلدا توخۇ بېقىشقا يېتەكلەپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى زۆرۈر .....

- شۇنداق بولمامدىغان، ھەرقايسىلىرى ياريۆلەك بولۇپ تۇرغان يەردە، بىزلەرمۇ قاراپ تۇرمايمىز، بارلىق چارە-ئامالارنى قوللۇنۇپ كەنتىمىزنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆچ چىقىرىمىز-دە، - دېدى سامۇش مۇدىر دېقماق قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ،ئاندىن سادىق مۇدىرغا قاراپ داۋام قىلدى- خوش قېنى سادىقجان، ئاياققا تىزىپ قويغان ئامۇتەك ئولتۇرماي دىككىدە چىقىپ چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييارلىقنى قىلغاچ تۇرۇڭلا، كادىرلىرىمىز تەستە چىققاندا ئاددىلا ئۇزۇتۇپ قويساق بولماس.

- ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، چاتاق يوق، ھەش-پەش دېگىچە تەييار بولىدۇ- سادىق ئورنىدىن دىككىدە قوپۇپ كادىرلارغا يۈزلەندى- خاپا بولۇشماي بىرەر تالدىن تاماكا چەككەچ تۇرۇڭلار، مەن چىقىپلا ....

- توختاپ تۇرۇڭلا، سىلە ئاۋال جۈمە خورازنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۆت بەش چۈجە خوراز، ئون يىگىرمە باچكا ئېلىپ كېلىپ تەييارلاڭلا، ھە نىزامدىن قېنى سىلە، سىلىمۇ قوپۇپ ئەخلەت باي، ۋاي ياق! ئەستا مۇشۇ ئېغىزىمنى-زە، كىمۇ ھېلىقى ئەخمەت باينىڭكىگە بېرىپ، سۈت ئەممە ئوغلاقتىن ئۈچ، تۆتنى سويدۇرۇپ كېلىڭلا- دېدى مۇدىر ئىككەيلەنگە ئىش تاپىلاپ.

بىر نەچچەيلەن خۇددى « تۇۋا، ئۇلار بىزگە يار-يۆلەك بولۇپ نامراتلىقتىن

www.kitaphumar.net

قۇتۇلدۇرالمىغاندۇ ياكى بىز ئۇلارغا يار-يۆلەك بولالمىغاندىمىز؟... » دىمەكچى بولسىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك نىنىمشقىدۇ بىر بىرسىگە مەنىلىك قارىشىپ قېلىشتى.

- تەخىر قىلىشلار يىگىتلەر- دېدى يەھيا ئىككەيلەن ئىشىكتىن چىقىپ بولغىچە ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ- مۇنداق قىلايلى مۇدىر، بىز چۈشلۈك تاماقنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر بىلەن بىرگە يېيىشكە كېلىشىپ قويغان، شۇڭا بۇگۈنچە سىلە ئاۋارە بولماي تۇرۇڭلا، بىز بولغاندىكىن كىيىنچە تاماق-پاماقمۇ يېيىشۋالىمىز. ھازىرقى مۇھىم ئىش ئاۋال ماشىنىدىكى چۈجىلەرنى چۈشۈرىۋېلىپ بىزنى يولغا سېلىڭلا، قالغان ئىشنى ئاستا-ئاستا قىلىشىۋالساڭلارمۇ ئۈلگىرىسىلەر.

- بۇنداق بولسا قانداق بولغىنى باشلىق، ئاران پايە قەدەملىرى يەتكەندە، تېپىۋىسدىلا قۇرۇق قول قايتۇرساق قانداق بولىدۇ؟- دېدى سامۇش مۇدىر ئوڭايسىزلانغاندەك.

- بولدى تالاشمايلى مۇدىر، مەن دىگەندەك قىلايلى، دەرھال چۈجىلەرنى چۈشۈرۈپ دېھقانلىرىمىزغا تەخسىملەپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشالا، بولمىسا چۈجىلەر سوغۇق ئۆتۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ- دېدى يەھيا كەسكىنلا.

ئىشنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغان ئىككى يىگىت «قانداق قىلىمىز»دىگەندەك دەرھال سامۇش مۇدىرغا قارىدى. مۇدىر باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئىككىسىگە لىككىدە قاش ئېتىپ بەلگە بېرىۋېتىپ ئولتۇرغانلارغا يۈزلەندى.

- باشلىقىمىز شۇنداق دىگەندىكىن مەنمۇ تارتىشىپ ئولتۇرماي، ئەمسە كادىرلىرىمىز ئىشخانىدا جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا بىز چىقىپ ئولاش-چولاش چۈجىلەرنى چۈشىرىۋالايلى- دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئۆزگە قانچىلىك چۈجە تەقسىم بولىدىغىنىنى كۆڭلىدە چوت سوقۇپ، شېرىن خىيال سۈرىۋاتقان دېھقانلار بىر بۇيرۇق بىلەنلا يېشىكلەرگە قاچىلانغان چۈجىلەرنى ھەش-پەش دىگىچە چۈشۈرۈپ بولدى. كىم قانچىلىك چۈشۈرسە شۇنىڭ ھەممىسى ئۆزگە تەئەللۇق بولىدىغاندەك بىرلىرى ئۈچ، تۆت يېشىكنى؛ يەنە بىرلىرى بەش، ئالتە يېشىكنى ئالدىغا دۆۋىلىۋېلىپ چۈجە بىلەن تەڭ چۇرۇقلىشۋاتاتتى.

چۈجە ئېلىپ چىققانلار چۈجىنى قانداق بېقىش، قانداق ئاسراش ھەققىدە قىسقىچە كۆرسەتمە بەرگەندىن كېيىن قايتىشقا تەرەددۇتلەندى. سامۇش مۇدىر سادىقلار تەييارلاپ قويغان ئالتە، يەتتە يېشىكنى ماشىنىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويدى.

كەنت كادىرلىرى ئىشخانىغا قايتىدىن جەم بولۇپ، چۈجىلەرنى قانداق تەقسىملەش تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تالاش تارتىشنى باشلىدى.

- مېنىڭچە كەنتىمىزدىكى 115 ئائىلىگە تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلساق ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمايدۇ- دېدى كەنتنىڭ سۇ، چارۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل كادىرى مەخەي.

www.kitaphumar.net

- ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، ئائىلە دىگەننىڭ چوڭ-كىچىگى تۇرسا، تېخى تۆنۈگۈن، بۈرناكۈن ئۆي ئايرىپ چىققان ياش باللار بىلەن تۆت، بەش جانلىق چوڭ ئائىلىلەرگە ئوخشاشلا تەڭ تەقسىم قىلساق قاملاشماس، ھازىر يا كوممىنا ۋاقتى بولمىسا ھەممىنى تەڭ تەقسىملەيدىغان، ئۈنىڭ ئۈستىگە بەزىلەرنىڭ چۆجە باققىدەك كاتەك چاغلىق ئورنى بولمىسا، يەنە بەزىلەرنىڭ توخۇ باققىدەك يەم خەشەككە چۈشلۈق دەرمانى بولمىسا، شۇنداقلارغىمۇ بۆلۈپ بەرسەك بىھۇدە ئۆلتۈرۈپ قويىمامدۇ چۆجىلەرنى، مېنىڭچە بۇ قېتىم چۆجە بېقىش شارائىتى بار، ئىلگىرى ئانچە-مۇنچە توخۇ بېقىپ، چۆجە چىقارتىپ باققان دېھقانلارغا چۆجە تەقسىملەپ بەرسەك، قالغانلار كېيىنكى قېتىمغىچە شەرت-شارائىت ھازىرلىسا، ئاندىن ئۇلارغىمۇ تەقسىملەپ بەرسەك ئوبدان بولارمىكىن- دېدى كەنتنىڭ بوغالتىرى، قوشۇمچە پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل كادىر نىزامىدىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

- بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساق بەزىلەر « موتتىن كەلگەن چۆجە بىزگىمۇ كېرەك » دەپ غەۋغا قىلسا قانداق قىلىمىز؟ ناۋادا يار-يۆلەك بولغان ئورۇننىڭمۇ پىكرى چىقمايدۇ دىگىلى بولامدۇ، مېنىڭچە ئۇششاق-چۈشەك، نېرى-بېرى گەپتىن ساقلىنايلى دىسەك يەنىلا ھەممىگە تەڭ تەقسىم قىلساق ئادىل بولىدۇ، ئۆلتۈرۈپ قويغىدەك بولسا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىلاردىن جەرىمانە ئالساق ياكى تۆلەتسەكلا بولمىدىمۇ- دېدى مەخەي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ. ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ پىلان بىرلىككە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

- ئارتۇقچە تالىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى، قۇرۇقتىن-قۇرۇق تالىششىنىڭ نىمە ھاجىتى، مېنىڭچە ئەھەتجاننىڭ پىكرى خېلى ئورۇنلۇق، ئۇ دىگەندەك بۇ قېتىم ئاز تولا چۆجە بېقىش شارائىتى بار، توخۇ بېقىشقا قىزىقىدىغان، ئىلگىرى چۆجە بېقىپ باققانلارغا تەقسىملەپ بەرگىنىمىز تۈزۈك- دېدى سادىق «قانداق دېدىم مۇدىر» دىگەندەك ساۋۇش مۇدىرغا قاراپ. ساۋۇش مۇدىر ئاخىرى گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز ئالدى.

- ئۇنى-بۇنىمۇ دېيىشتۇق، يولداشلارنىڭ پىكرىنىڭمۇ ئورنى بار، لېكىن ھەممە ئىشنى تولۇق ئاممىنىڭ رايى بويىچە قىلىپ كېتىشىمىزمۇ ناتايىن، مېنىڭچىمۇ نىزامىدىننىڭ پىكرى سەل ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ، بۇ قېتىم شارائىتى بارلارغا بېرەيلى، ئۇنداق-مۇنداق گەپلەر چىقماس،چىقتى دىگەندىمۇ لايىقىدا بىر تەرەپ قىلارمىز. بايىتىن بېرى مەن خىيالىمدا كەنتىمىزدىكى ھەممە ئائىلىنى بىر قېتىم تاسقاپ چىقتىم، قاراپ باقسام ماۋۇ توختى قارىنىڭ باغۋارانلىرىمۇ كەڭرى، چۆجە باققىدەك ئۆي، كاتەكلىرىمۇ تەل ئىكەن، ھە، ئاۋۇ ئابدۇللاجاننىڭمۇ توخۇ كاتەكلىرى كەڭرى، ئىلگىرىمۇ توخۇ بېقىپ، چۆجە چىقارتىپ بېقىپ كەلگەن، ئايشەمخان، مايسىخان، قادىراخۇنلارنىڭمۇ شارائىتى تولۇق، چۆجە باقىدىغان بالا چاقىللىرىمۇ خېلى بار، يەم خەشەك شارائىتى ياخشى، بۇلارنى مەن دىمىگەندىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان. شۇڭا بۇ قېتىم چۆجىلەرنى ئاشۇ بەش ئائىلىگە تەقسىم قىلىپ بەرسەك قانداق؟- دېدى مۇدىر ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

www.uyghurkitap.com

گەرچە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېنىقلا مۇسۇ گەپنى ئېيتمىغان بولسىمۇ... 

گەرچە ھېچكىم ئۇنلۇكرەك سۆزلەپ ئىپادە بىلدۈرەلمىسىمۇ، ئۇ يەر، بۇ يەردىن قاپاققا كىرىپ قالغان قارا ھېرىدەك غۇدۇراشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن ھېچكىممۇ « پۈتۈن كەنت بويىچە مۇدىرنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىنىڭلا شارائىتى تولۇق بولۇپ باشقىلارنىڭ شەرت-شارائىتى توشمامدىكىنا؟» دېيىشكە پېتىنالمىدى.

- جىمىپ كېتىشتۇققۇ كادىرلىرىم؟ دىگەنلىرىم ئورۇنلۇق بولمىغان بولسا مۆرىمەمسىلەر مۇنداق، ئولتۇرغانلار ھەممىمىز بىلىمىز مۇشۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتمۇ «بىر قىسىملارنى ئالدىدىن يىتەكلەپ بېيىتىش كېرەك» دەپ تەكىتلەۋاتامدۇ؟ بىلىمەن، ھەقاچان كۆڭلۈڭلاردا «ئۇرۇق تۇققانلىرىغا يان باستى» دەپ ئويلاۋاتقانسىلەر، ئويلاپ كۆرمەمسىلەر كەنتىمىزدە قېنى كىمنىڭ شارائىتى ئاشۇلارنىڭكىدەك تولۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم شۇنداق بولغان بولسا كېيىنكى قېتىم يانا بارغۇ- دېدى مۇدىر سەل ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا ئورنىدا قىمىرلاپ تۇرۇپ.

«ئەلۋەتتە مۇدىرنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ شارائىتى باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ-دە» دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى مەخەي. ئۇ قانداقتۇر بىر گەپنى دىمەكچى بولغاندەك ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرىشىغا يېنىدا ئولتۇرغان نىزامىدىن نىمشقىدۇ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر خىل قارشىلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇنى سامۇش مۇدىرمۇ ھېس قىلالايتتى.

- بۇنداق ئولتۇرىۋەرسەكمۇ بولماس، ئىشنى يورۇقتىن تۈگىتەيلى، مېنىڭچە بۇ قېتىم ساموش مۇدىرنىڭ دېگىنى بويىچە بولسا قانداق، ئويلاپ باقسام بۇ ئىش مۇشىنىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەندىكىن كېيىنكى قېتىمدا .... - سادىق گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى دەپ بولغىچە باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

- بۇ ئىشتا مەن سەل نېرىراق تۇراي سادىقجان، ئۆزاڭلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىپى-جايىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭلار بۇ ئىشنى- دېدى ساموش مۇدىر ئاخىردا قالغان سادىققا تاپىلاپ.

شۇنداق قىلىپ دېھقانلار نەزىرىدىكى « موتتىن كەلگەن » ئۈچ مىڭ چۈجە كىم-كىملەرنىڭدۇ ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرالماي غۇدۇراشلىرىغا، بەزى گېپى ئاچچىق دېھقانلارنىڭ سېسىق تاپا-تەنىلىرىگە، ھەتتا بەزىلەرنىڭ «كېسەل تېگىپ ئۆلەر، مۇشۇك بوغۇپ ئۆلتۈرەر ئىلاھىم .... » دىگەندەك قارغاشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ساموش مۇدىرنىڭ قولىقىنى يوپۇرۋېلىپ كۆرسەتكىنى بويىچە، ئاشۇ بەش ئائىلىگە مۇۋاپىق تەقسىملەپ بېرىلدى. مۇدىرنىڭ كۆڭلى تىنىپ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ يۈزلىرىدە ئاپتاپ قايىندى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ غوت-غوت پاراڭلارمۇ بېسىقىپ، ھەممە يەنە ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما مىڭ بىر جاپادا بېقىلىۋاتقان چۈجىلەر كەپتەردەك بولغاندا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى.

ـ مانا قاراڭلار جېنىم تۇققانلار، مەھەللىدىكى ئىچى قوتۇر، كۆرەلمەسلەر قەست قىلمىسا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ـ ھە؟ ئاخشاملا بىر ئۇبدان قالغان چۈجىلەرنىڭ بىر كېچىدىلا بىرىمۇ قېتىپ قالامدۇ؟ـ دەيتتى ئابدۇللا توخۇخانىدا بىر يەرگە غۇجمەكلىشىپلا شىنىدەك قېتىپ قالغان نەچچە ئون چۈجىگە قاراپ ئېچىنغان ھالدا. ـ چۇقۇم بىر قارانىيەت بىخەستىلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ چۆجە يىمىگە زەھەرلىك دورا ئارلاشتۇرۋاتقان گەپ.

ـ ئۇنداقمۇ بولمىغاندۇ ئابدۇللاجان، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا قالغان چۈجىلىرىڭلارمۇ ئۆلمەي قالارمىدى؟ « جان بارنىڭ قازاسى بار » دىگەن گەپ بارغۇ، بۇمۇ ئاللانىڭ بەرگەن قازاسىدۇر، ئۇنداق قارىسىغىلا گەپ قىلىشماي شۈكرى قىلىش كېرەك، باشقىلارغا قارىسىغا باتنام چاپلىسا يامان بولىدۇ. ـ دېدى مەزىناخۇنۇم تەسەللى بەرگەندەك.

ـ ئاللانىڭ قازاسى بىزنىڭ چۈجىگىلا كېلەمدۇ مەزىناخۇنۇم؟ بىز بۇ ئىنجىمارۇقلىنى مۇشىنچىلىك قىلغۇچە ئاز جاپا تارتتىقمۇ ـ ھە! ھۇ، ھۇ، ھۇ ... ھۇ ... ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى يېرىلالماي ئاران تۇرغان ئابدۇللانىڭ ئايالى ئۆزىنى تۇتالماي.

پاجىئە بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. مال دوختۇرىنىڭ دىيىشىچە چۈجىلەر قانداقتۇر بىر خىل ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىپ «توخۇ ۋاباسى» غا گىرىپتار بولانمىش. شۇنىڭ بىلەن توخۇخانىلارغا قانچە قېتىملاپ ھاك، دېزىنپېكسىيە سۇيۇقلۇقى چېچىلسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن دورا بېرىلىپ، ئوكۇللار ئۇرۇلسىمۇ قىلچە كار قىلماي، بىر ئايغا يەتمىگەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە دەسلەپتە بەش ئائىلىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن ئۈچ مىڭ چۈجە، تاتلىق خىياللار بىلەن يۈرگەن مۇدىرنى، مىڭ بىر جاپالارنى تارتقان چۈجە باققۇچى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنى ئاچچىق ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، بەسلەشكەندەك تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قىرىلىپ تۈگىدى. راست چۈجە دىگەننى قوي ـ كالىنى باققاندەك يايلىتىپ باققىلى بولمايتتى، بىرلا كېسەل تەگدىمۇ بولدى، ئەنە شۇنداق بىرسىمۇ قالماي قىرىلىپ تۈگەيدىغان گەپ. ئۇنى ئوكۇل سېلىپمۇ، دورا بېرىپمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمىغان يەردە، « قەتئىي ئۆلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك » دىگەندەك بۇيرۇق، پوپوزا ھەم جەرىمانە بىلەن ساقلاپ قالغىلى بولاتتىمۇ.

چۈجىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەندى كەنتتىكىلەرنىڭ بىرلىرى «نىيىتى يامان بەتنىيەتلەر موللىغا ئوقۇتۇپ قەست قىلغان گەپ» دېسە؛ بىرلىرى «جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ؛ يەنە بىرلىرى «ھەق ئاللانىڭ بەندىلىرى دىگەن، ئاللاھ بۇيرىغان ھالال، ھەق نىسىۋە ـ رىسقىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشىغۇلۇق، ھەممىسىلا مېنىڭ بولسىكەن دىمەسلىكى، موتتىن كەلدى دەپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىماسلىقى لازىمدۇر، ئاشۇنداق پايدا چىقىدىغانىنىڭ بارىغا چاماق ئاتسا يا چېپىتى كېرىلىپ، يا بولمىسا قورسىقى يېرىلىپ بالا ـ قازاغا يولۇقىدىغان گەپ. بىزدە ‹نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك› دەيدىغان تەمسىل بارغۇ ئاخىر. ئەجداتلىرىمىز بىكارلا ئېيتقان گەپ ئەمەس بۇ!! بالا ـ قازا چاپلاشتىمۇ بولدى تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىدۇ ئىنسان دىگەن» دەپ مۇلاھىزە

قىلىشىپ بىر مەزگىل غۇل-غۇلا پەيدا قىلىشقان بولسىمۇ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەممە ئاستا-ئاستا بېسىقىپ قېلىشتى.

ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە يار-يۆلەك بولىدىغانلار يەنىلا چوڭجە ئېلىپ چىقىشتى. لېكىن ئۇلار ئېلىپ كەلگەن چوڭجىلەرنى باقمىز دەيدىغانلار چىقمىدى. كەنت كادىرلىرى ئامالسىز بىرلىرىگە «يېرىڭنى تارتىۋالىمىز، سۇيۇڭنى قىسىۋالىمىز» دېگەندەك بېسىملارنى ئىشلىتىپ، بىرلىرىگە قانداقتۇر تاپا-تەنىلەرنى قىلىپ، يەنە بىرلىرىگە يالۋۇرۇپ مىڭ بىر تەربىيەلەرنى ئىشلەپ مەجبۇرىي دېگۈدەك چوڭجىنى تەخسىملەپ تارقىتىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلغان ئىدى.

ئومۇمەن، ئويتېتىر كەنتىدە «توخۇ باقمىچىلىقى» نى كېڭەيتىش، تەرەققى قىلدۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا چىققان ئىككى يىلدىن بۇيان كەنتتىكىلەر يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەردىن خالىي بولالماي كەلدى. كۆندىن-كۈنگە ئايىنىۋاتقان زىددىيەتلىك ئىشلار، چوڭجە بېقىش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر، يۈز بەرگەن قىيىنچىلىقلار، كەنتتىكىلەرنىڭ تۈگىمەس غەلۋە-غوۇغالىرى كەنت كادىرلىرىنىڭ بېشىنى قوداڭشىتىۋاتقان ئىدى. ئەلۋەتتە، قۇرۇق شوئار، بۇيرۇق-پوپوزا بىلەنلا ھەممە ئىشلارنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ-دە!

شۇنداق، ئۆتكەن يىل ئۇنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدەك چوڭجەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دېھقانلار چوڭجە بېقىپ، توخۇ قىلىپ چوڭ قىلغانغا چوشلۇق پايدا قىلمىغاندىن سىرت، تېخى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك جەرىمانە تۆلەپ قەرزدار بولۇپ قالدى. ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا كۆزىدىن ياش چىقمىغان دېھقان قالمىدى. گەرچە چوڭجىگە كېسەلنى دېھقانلار يۇقتۇرۇپ قويمىسىمۇ دېھقان ئەيىپلىكتەك بەدەل تۆلىدى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * *

كۆزىنىڭ قاتتىق جالاقلاپ سىلكىشى بىلەن سامۇش مۇدىر تويتەك قاڭقىپ، كۆتەكتەك گەۋدىسى كۆزىنىڭ بۇرجىكىگە گۈلۈپپىدە چوڭشىشى بىلەن بېلى چىممىدە قىلىپ قالدى.

- پوت-قوللىرىمنى سۇندۇراي دەمسەنھوي خوتۇنى تالاق! سىلىقراق ھەيدىمەمسەن بىرنىمەڭنى!- دېدى خىيال يىپى ئۈزۈلگەن مۇدىر زەردە بىلەن ۋاقىراپ.

- شۇ، شۇ خاپا بولماڭ مۇدىر، قايسى گۆيىنىڭ قىلغان ئىشىكىن يولنى كولاپ توغرىسىغا ئېرىق ئاپتىكەن، شۇنچە ئاۋايلاپ سالغان بولمىسا- دېدى شوپۇر دۇدۇقلاپ.

مۇدىر خىيالىنىڭ ئارقىسىنى ئۇلىيالمىدى. ئۇلىيالمىدى ئەمەس ئاشۇ يىللاردىكى باشنى ئوچاق قىلىدىغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى يەنە خىيال قىلىشنى خالىمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئېسى يادى بۇ قېتىمقى چوڭجە تەقسىماتىنى زادى قانداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق تەقسىملەشتە قالغان ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئەتتىگەندىكى زەردىلىك كايىشلىرى ئېسىگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭ لايىدەك

www.kitaphumar.net

ئېزىلگەن تېنى كۆزۈپ سىلكىگەندىنمۇ بەكرەك سىقراپ كەتتى.

2

يېزىدا «چۈجە بېقىش» نى ئۇرۇنلاشتۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش «سىياسىي خارەكتىرلىك مەجلىسى» ئېچىلغاندىن باشلاپ سامۇش مۇدىرنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. ئولتۇرسا قوپسا ئۆز- ئۆزىگە غۇدۇرايدىغان بولۇپ قالدى. كەنتنىڭ تەبىئى شارائىتىنىڭ ماس كەلمەسلىكىدىنمۇ ياكى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان باشقا بىر سەۋەبلەردىنمۇ، ئېيتاۋۇر ئىككى يىلدىن بېرى توخۇ باقمىچىلىقنى روناق تاپقۇزالماي قوشلاپ زىيان تارتىپ كەلدى. شۇڭا چۈجە بېقىشنىڭ گېپى چىقىسىلا دورا رېياكسىيە بەرگەن بىماردەك تېنى جۇغۇلدايدۇ. «دېھقانلارغا يەنە نىمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك؟ ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە چۆجە بېقىشتىن جاق تويغان تۇرسا، يەنە مەجبۇرى توخۇ باقسەن دېيىشنىڭ ئۆزى ساق باشقا پىت سالغانلىق بولماي نىمە؟ كەنتىمىزنى يۆلەيدىغانلا نىمە ئۈچۈن ‹چۈجە› بىلەنلا يۆلەيدىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا يۆلەش چارىسى يوقمىكىنە؟» دەپ خىيال قىلىپ قالاتتى بەزىدە.

بىر ئايدىن كېيىن خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئويتېپتىر كەنتىگە ئالتە مىڭ «ئالتۇن چۈجە» يەتكۈزۈپ بەردى. كەنت كادىرلىرى يېزىدا ئېچىلغان مەجلىستىن كېيىنلا ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ، دېھقانلارغا چۈجە بېقىپ باي بولۇش ھەققىدە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بىر قىسىملارنى چۈجە بېقىشقا مىڭ تەستە قايىل قىلىپ، چۈجە تەقسىم قىلىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىۋالغان ئىدى. لېكىن چۈجە يېتىپ كېلىپ تەقسىملەيدىغان چاغدا ئىشلار بىراقلا ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

- بېقىشنىغۇ باقاي دىگەن، لېكىن مېنىڭ چۈجە باققۇدەك كاتىكىممۇ يوق، چۈجە بېقىش تەجرىبەم تېخىمۇ يوق، چۆجىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۇۋالىدا قالغانىنىڭ ئۈستىگە جەرىمانە تۆلىگىدەك ماغدۇرۇممۇ يوق، يەنىلا ئىلگىرى چۈجە بېقىپ كۆرگەن توختىقارى، ئابدۇللادەك شارائىتى بار، تەجرىبىلىك ئائىلىلەرگە بېرىڭلار- دەپ چۈجە ئالغىلى ئۇنىمىدى بارىتەم يۇۋاشمۇ.

سامۇش مۇدىرنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى:

كاتىكىڭ بولمىسا ساراي ئۆيىڭلىدە بېقىڭلا، ئۆينىڭ تېگىدىكى توپىلارنى يېڭىلاپ، تاملىرىنى باشقىدىن ھاكلاپ دېزىنپېكسىيە قىلىپ، ئوچاقنى رېمونۇتلاپ ئوت قالىغىدەك تەييارلىساڭلا بولىدىغۇ، چۈجە توڭلاپ قالسا بولمايدۇ، بوران شامالدا قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

- ئۇنداق قىلساققۇ تازا بولاتتى، ئۇ چاغدا قۇرتتەك باللىرىم بىلەن مەن تالادا قالارمەن مۇدىر، بۇ قېتىم كەڭچىلىك قىلىڭلا، كېلەر قېتىمغىچە كاتەك سېلىپ تەييارلاي- بارىتەم يېلىندى.

- ھەي ئاداش، سېنى «مۆرىمەس» مىكىن دىسەم، ئەسلى مۆڭگۈزىڭ ئىچىڭدە ئىكەنىدە؟

www.kitaphumar.net

قۇلاقنى چىك تۇتۇپ ئاڭلاڭلا، ئۆزۈڭلا بوران-شامالدا قالامسىلەر، يامغۇردا قالامسىلەر بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىر چارە قىلىڭلا. ئالدىراپ «چۈجە باقمايمەن» دەپ چەتكە چىقماڭلا، بولامدۇ؟ بۇمۇ خۇددى ئەتيازدا بۇغداي-قوناق تېرىمىسا، ئورمان قويمىسا قەتئىي بولمايدىغاندەكلا سىياسىي ۋەزىپە، باقماسلىقا ھەددىڭلا ئەمەس! ياق زادى باقمايمەن دىسەڭلا قولۇڭلىدىكى ھۆددە يەرلەرنى كەنت تەشكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، مەھەللىنى بىكارلاڭلا، «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» دەيتتىڭلارغۇ، شۇنداق بولغاندىكىن چۈجە باقمايدىغان يەرلەردە يايراپ كۆلىشۇپىلىڭلا، گەپ شۇ!- سامۇش مۇدىر چىچىلغىنىچە پۇلاڭلاپ چىقىپ كەتتى.

بارىتەم تۇيۇقسىز تۇرغاندا كىمدۇ بىرسى بېشىدىن بىر چېلەك شورەل قۇيىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. «ئېسست، چۈجە بېقىڭلار دىگىچە، قوي-كالا باق دىسىچۇ؟ ئاۋال كاتەك سېلىڭلار دىگۈچە كونا تامنى چېقىپ يۇرۇق، ئازادىرەك ئۆي سېلىۋېلىڭلا دەپ ياردەم بەرسىچۇ كاشكى!» دىگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى ئۇ غەم باسقان كاللىسىنى ساڭگىلاتقىنىچە.

يالغۇز بارىتەم يۇۋاشلا ئەمەس، ئىلگىرى چۈجە بېقىشقا قايىل بولغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئەمدىلىكتە كىلىشىۋالغاندەكلا:

- نەچچە يىلدىن بېرى كەنت كادىرلىرىمۇ، كەنتىمىزنى نوقتا قىلىپ يۆلەپ، باي قىلىشنى ھۆتتىگە ئالغان ئىدارىلەردىن چىققان كادىرلارمۇ «باي بولۇڭلا ... باي بولىمىز ... » لا دەيدۇ، بىزمۇ «پاتراق باي بولساقكەن» دەپ ئارزۇ قىلىپلا كەلدۇق. لېكىن يار-يولاك بولىدىغان ئىدارىلەرنىڭ ئالۋاڭغا چىقارغان بىر نەچچە كادىرلىرى يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىپ كەنتىمىزگە كېلىپ، نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭلاپ چىشقاق چۈجىنى تاشلاپ بېرىپلا، باشقا ئەمىلىي ئىشلار بىلەن كارى بولمىسا، ھېيت-بايراملاردا نەچچە قۇر كونا-يېڭى كىيىم، بىرەر خالتادىن ئۇن ياكى گۈرۈچ، بىر باكتىن سۇ مېيى ياكى ئىككى خالتا كۆمۈر ئېپچىقىپ، كەنت كادىرلىرىمىز تىزىملاپ بەرگەن ئۇن، ئۇن بەش ئائىلىگە تارقىتىپ بەرگەنگىلا باي بولالايتتۇقمۇ؟ چۈجە بېقىپ جاپا تارتقاننىڭ ئۈستىگە جەرىمانە پۇلغا قەرز بولۇپ قالغۇم يوق، بولدى مەن باقالمايمەن- دەپ كادىرلارغا دوق قىلىپ يېقىن يولىمىدى. تېخى بەزىلەر ئۇچچۇقتىن-ئۇچۇق:

- شۇ ئەمەسمۇ كەنتىمىزگە ھەقسىز كەلگەن بۇ بىچارە چۈجىلەر كۆندە نەچچە ئون، نەچچە يۈزلەپ ئۆلۈپ، ئاجىز جانلىرىنى قۇربان قىلىپ، بىرسى ئۈچ-ئون بەش كويدىن جەرىمانە تۆلەتكۈزۈش بەدىلىگە بىزنى قەرزدار، كەنتنى باي قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ قەرزمۇ تۆگەر، ھېلىمۇ ئۆي ۋاقمىزدىن ئايرىلىپ قالمىدۇق، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەيتتىكەن دىيىشىپ شۈكرى قانائەت قىلىپ كەلدۇق، «كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتتۇۋال» دىگەندەك يەنە شۇ ئۆلەرمەن چۈجە تەقسىملەيمىز دىسە قانداق بولغىنى؟- دىيىشىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى. يەنە بىرلىرى:

- گەپ قىلغاننىڭ ئاغزىغا تاش. گەپ دىگەننى چاپىناپراق قىلغۇلۇق، كىمكى ئېغىزىغا ھېزى

www.kitaphumar.net

بولماي ئارتۇق-تۆشۈك گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىدىكەن ئاخىرقى ھېساپتا بالاغا قالغىنى شۇ، بۇ خەققە تەك كەلگىلى بولامتى، يەرلىرىگە بىر ئىككى قېتىملىق سۇنى كەم قويغاندا ياكى ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى تۇيۇقسىز سۇ بېسىپ كەتكەنىدە ئاندىن بىلىپ قالىدۇ ئويلانمايلا دەپ قويغان گېپىنىڭ زىيىنىنى. دەپ چىش يىرىشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

مانا بۇلار ئاشۇ قۇلىقى يۇمشاق دېھقانلارنى ھەممىگە شۈكرى قىلىشقا ئۈندىگەن سەۋەپ. رېياللىق مۇشۇنداق تۇرسا دېھقان باي بولالايتتىمۇ؟ دۇرۇس، ئويتېتىردىكى دېھقانلارنىڭ باي بولالىغىدەك ھالى تېخى يوق ئىدى. شۇڭا كۆپ قىسىم دېھقانلار ئازراقلا زىيانغا يولۇققىنىمۇ بولدى، ھە دېگەندىلا غەم-ئەندىشىگە پېتىپ، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. زىياننىڭ ئارقىدا پايدىنىڭ مۆكۈپ ياتقانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. كەلگۈسى ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنى زىيان تارتقۇزغان ئىشقا ئىككىنچىلەپ يېقىن يولىماسلىققا قەسەم قىلىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەبلەر بايىسىدىن «ئالتە ئاي ئاتقان پاختىسى بىر پوغا يارىماپتۇ» دېگەندەك،كەنت كادىرلىرىنىڭ شۇنچە پالاقشىپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھېچنىمىگە ئەرزىمىگەن ئىدى.

– خەپ خوتۇنى تالاق كۇسپۇرۇچلار، لەۋزىدە تۇرالمىغان نىمىسىگە ئۆزىنى ئەر دەپ چاغلىشىدىكىنا تېخى، ھۇ ئايالىنىڭ ياغلىقىنى ئارتىۋالغان ئەزمايىللار! بۇ جاھان ئۇزۇن جاھانغۇ ھە!- دەپ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇرىغىنىچە مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن كېلىۋاتاتتى ساموش مۇدىر. تۆرۈلگەن قاپاقلىرىدىن، ئېسىلگەن گۈرەن تومۇرلىرىدىن يېرىلالماي قالغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

- ھە ئۇيقا ئەمدى ئېچىلدىمۇ داۋۇتاخۇن؟ كاسىغا ئاپتاپ چۈشمىگىچە سېسىق ئوسۇرۇپ ياتىدىغان گەپما؟ مېڭلا بىرىپ چۈجە ئېلىۋېلىڭلا ئالدى-كەينىڭلىگە يېنىپ يۈرمەي، بىزنىڭ گەپمۇ گەپ بولسۇن مۇنداق.- دېدى مۇدىر ئېگىز ئاش ۋاقتى بولىشىغا قارىماي ئەمدىلا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ دەرۋازا ئالدىغا چىققان داۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

- باقسامغۇ بولاتتى مۇدىر، لېكىن شۇ تازا جاپا تارتىپ بېقىپ تەييار بولغاندا ئۆلۈپ بېرىدىكەن ئەمەسمۇ توك چۆجىسى دېگەن، يەنىلا شۇ ئەلمى-تەمنى بىلىدىغان توختىقارى، ئابدۇللاجان، قادىراخۇنلار باقسۇن جۇمۇ، بۇنداق ئادەمنى جەرىمانىگە بوغىدىغان ئىنجىمارۇقلارنى مەن باقالمىغۇدەكمەن، ھوكۇمەتمۇزە ئويلىشىپ ئىش قىلمايدىكەن دەيمەن،ھەر يىلى مۇشۇنداق چىچقاق توك چۈجىسى ئېلىپ چىققۇچە، ئاز بولسىمۇ بىز باقالىغۇدەك قوي، كالا، ھېچ بولمىغاندا ئۆدەك چۈجىسى ئېلىپ بەرسە بولمامدۇ؟ سازلىققا قويۇپ بېرىپ باقساق.- دېدى داۋۇتەم گەدىنىنى قاشلاپ. بۇنىڭمۇ تەپ تارتماي ئۇرۇق-يۇققانلىرىنى چىشلەپ تارتقانلىقىدىن مۇدىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

- تايىنلىق بىر ماشىنا لوخ گۆشلا ئېلىپ چىقىپ بەرمىسۇنمۇ سىلىگە، دېگەن گېپىنى بۇ ئاداشنىڭ، ھەي سىلە بېرىپ كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ بۇ يىل ئېلىپ چىققان چۈجىنى؟ قانات-قۇيرىقى

uyghurkitap.com

تەڭشىلىپ پاختەكتەك، كەپتەردەك بولۇپ قالغان چوجىلەر ئىكەن، ئەتە ئۆگۈنلا كۆزلىرىنى ئاچىدىغان قىزىرارمىكىن؟ ئاۋۇ لەللە خوتۇنۇڭلىنىڭ گېپىگە كىرمەي بېقىپ قويۇڭلا- مۇدىر يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلدى.

- بولدى مەن باقالمايمەن مۇدىر، باقالايدىغانلار ...

- باقالمساڭلا قوتۇر ئېشىكىڭلىنى بېقىڭلا! مەن دەپ قويااي بۇندىن كېيىن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىمەن، ھېيت-بايراملىق ئالىمەن دەپ كەنت ئىشخانىسىغا يولىغۇچى بولماڭلا ئۇقتۇڭلىمۇ؟!- داۋۇتنىڭ گېپى تۈگەپ بولغىچە مۇدىر چىچاڭشىغىنىچە سۆزلەپ تۆۋەن تەرەپكە جۇمە «خوراز» نىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى جۇمە «خوراز» دا قالغان ئىدى.

بۇ كۈن ئەتىيازدىن بېرىقى ئەڭ ئاپتاپلىق بىر كۈن بولسىمۇ، ئەمما سامۇش مۇدىرنىڭ يۈزىدە بۇلۇت قايناپتتى. ئۇ قىرى ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ جۇمە «خوراز» نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە جۇمە پىشايۋان تۈۋرىكىگە يۆلىنىپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ، چوڭ قولدەك توملۇقتا ئورىۋالغان تاماكىسىنى پۇرقىراتقىنىچە نىمىنىدۇ خىيال قىلىۋاتاتتى. مۇدىرنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ جۇمە «خوراز» ئورنىدىن خوش ياقمىغاندەك ئىنجىقلاپ تۇردى.

- ما ئاداشنى قارا! ھوي، شۇ تاپتا بىز نىمە كويدا، سىلە نىمە ئويدا، كېلەدەك ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى قاراڭلا بۇنىڭ، ھە، قانداق قىلايلى دەۋاتسىلەر؟ كەنت ئىشخانىسىغا بارايمۇ دەمەيسىلىنا؟ سىلىنىڭمۇ ئىشتان بېغىڭلار يانغا ئۆتۈپ قالدىمۇ يا؟- دېدى سامۇش مۇدىر جۇمە «خوراز» نىڭ بوسۇغۇسىنى ئاتلاپ ھويلىغا كىرە-كىرمەيلا- جۈرۈڭلا مەھەللە كومىتېت ئىشخانىسىغا بارىمىز.

جۇمە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭ بېقىپ تۇراتتى، مۇدىر ۋارقىرىدى:

- ماڭە ئاداش ھوي بېزىرىپ تۇرماي، مەن سىلىنى ھاشاغا ھايداپ كەلمىدىم، ئاۋۇ خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن مەھەللىمىزگە نەچچە مىڭ توخۇ چۆجىسى ياردەم قىپتۇ، سىلىدەك ھالكۈنى تازا ياخشى ئەمەس ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتىمىز.

مۇدىر جۇمەنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. جۇمە يەنىلا كۆڭلىدە «ھويلا-ئارامنى پوق قىلىپ نىمە قىلارمەن» دەپ كۆڭلىدە نارازى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم جىم تۇرۇپ تەپسىلى ئويلاپ باقتى. ئۇنىڭغا مۇدىرنىڭ گېپى توغرادەك بىلىندى. «موت، زەھەر بولسىمۇ يوت! دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، بىكارغا بەرگەندىكىن ئەكىلىپ تاشلاپ قويسام، قۇرت-قوڭغۇز تېرىپ يەپ چوڭ بولۇپ قالسا، ساتسام پۇل، ئۆلتۈرۈپ يىسەم نەخلا گۆش، تۇخۇم تۇغسا تېخى پۇل، مېكىيانلىرىغا چۆجە چىقارتسام، بىرسى ئۇندىن چىقارسىمۇ نەچچە ئايدىلا نەچچە ئونمىڭ توخۇلۇق بولۇپ قالغۇدەكمەن» دىگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى.

- بېقىشنىغۇ باقاي دىگەن مۇدىر، بىراق ھازىرچە توخۇخانام سەل كىچىكرەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ

www.kitaphumar.net

ئۇستىگە يەم ئېلىپ تۇرغۇدەك پۇل-پۇچەكنىڭ تايىنى يوق تۇردۇ، شۇ ئەتىياز بولغاندىكىن يانچۇق سەل قۇرۇقدىلىپ قالدىغان گەپكەن مۇدىر، شۇ تاپتا مەنمۇ قانداق قىلىش ئۇستىدە باش قاتتۇرۇۋاتاتتىم.

- ھەر نىمە بولسا ئاتاڭلار رەھمەتلىكتىن قالغان بۇ قورو جاي خېلى كەڭ-كۇشادە بولۇپ قاپتىكەن، تارراق بولۇپ قالغان بولسا قانداق قىلار بولغىدىڭلا؟ مىكى-مىكى گەپنى قويۇپ ئۇغۇل بالىدەك گەپ قىلىڭلا، باقىدىغان ئىرادەڭلا بولسىلا توخۇخانىنىڭ ئىشى ئاسان، يەم-خەشەك ئالىدىغانغىمۇ كەنتتىن ياردەم قىلىپ تۇرايلى، شۇنداق قىلساققۇ بولا؟- دېدى مۇدىر ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ.

جۇمە «خوراز» تۇگمەنگە ئېلىپ ماڭغان قېرى ئېشەك جايىغىلا ياتقاندەك، يەنە لوككىدە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ موخۇركىنى كۇچەپ بىر نەچچىنى شوراپ جىمىپلا كەتتى. ئۇ ئېغىزىدىن ئىتتىك چىقىرالمىغىنى بىلەن، بۇ يىل ئېلىپ كېلىنگەن چۇجىلەرنى كۆرگەن چاغدىلا خاس چۇجە تەتقىقاتى بىلەن شوغۇللىنىدىغان تەجرىبىلىك مۇتىخەسسىستەك چۇجىلەرگە تەپسىلى قاراپ كەتكەن، ئۇنىڭ كۆزىگە چۇجىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك پاچىقى ئۇزۇن، بويىنى توم، قۇيرىقى كالتە خۇنەن توخۇلىرىنىڭ تۇخۇمىدىن چىققان ساپ نەسىللىك چۇجىدەكلا كۆرۈنۈپ، پۈتكۈل خىيالىنى كۇچلۇك بىر ھەۋەس، ئىنتىلىش ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئاشۇ چۇجىلەر خىيالىدىن چىقمايۋاتاتتى.

« ھېچ بولمىغاندا ئالتە، يەتتە يۈزى، ياق، ياق .... پەقەت بەش يۈزىلا خۇنەن خورىزى چىقىپ بەرسىلا كۇپايە، بەش يۈز خوراز دىگەنلىك ھەر بىرسى ئەڭ ئەرزان بولغاندىمۇ يۈز سومدىن بولسا بەش تۈمەن سوم دىگەن گەپ، بۇ مەندەك كۆك نامرات ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەستە؟ بەش يۈز خوراز ئەي بولسىلا قالغانلىرى ئۆلەمدۇ، تىرىلەمدۇ پەرۋايىم پەلەك...» مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى « ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان خوراز كالۋىرى» شۇ تاپتا ئۆزىنى مەھەللە بويىچە ئەڭ ئەقىللىق چاغلايدىغانلارمۇ خىيال قىلمايدىغان بىر ھېساپنى خىيال قىلىۋاتاتتى.

- نىمە بولدى جۇمەخۇن؟ ئۇنىڭلا ئىچىڭلىگە چۇشۇپ كەتتا؟ «خوراز» دىگەنگە چۇشلىق ئىش قىلمامسىلە مۇنداق- دېدى مۇدىر جىيلە بولۇپ. ئەمەلىيەتتە بۇ «خوراز» مۇ تەساددىبى «مىكيان» غا ئۆزگىرىپ قالسا، ئۇ چاغدا «خوراز» نىڭ ئەمەس مۇدىرنىڭ ئۇنى تېخىمۇ بەك ئىچىگە چۇشۇپ كېتەتتى.

- بولىدۇ سىلە شۇنداق دىگەن يەردە باقسام باقاي، لېكىن گەپلىرىدە تۇرۇپ توخۇ يىمى ئالىدىغانغا كەنتتىن ياردەم بېرىپ تۇرىسلە، مەن ئاۋۋال توخۇخانا سالغۇچە ئاۋۇ چوڭ سامانلىقنى بېكارلاپ، تاممەش ياساپ، ئوت قالاپ ئىسسىغىدەك تەييارلاي، ئالدىغا سىم تور بىلەن ئاپتاپخانا ياساي- دېدى جۇمە ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى توختىماي ئىشقىلىغاچ مۇدىرغا يۈزلىنىپ.

www.kitaphumar.net

ـ كىشى يوق يەردە چوڭ سۆزلىگەن بىلەن، بىردەمدىن كېيىنلا تامبالنىڭ بېغى يانغا ئۆتۈپ قالماس ـ ھە جۇمەخۇن؟

ـ مېنى ئاتام ئوغۇل دەپ تېپىپتىكەن مۇدىر، مەن باشقىلار قىلغاننى قىلالمىغۇدەك ئۇنچە ئەزمايىلىدىن ئەمەس.

ـ ھەببەللى ئەمدى بىر «خوراز» دەك گەپ قىلدىڭلا، سىلە شۇنچىلىك غەيرەتكە كەلگەن يەردە بىزمۇ چەتتە قاراپ تۇرمايمىز، قولمۇ قول تۇتۇپ ئاۋال توخۇخاناڭلارنى ياسىشىپ بېرىمىز، سىلە ھازىرلا ئىشقا كىرىشىپ ئالدى بىلەن سامانلىقنى بىكارلاپ تەييار قىلىڭلا، مەن بېرىپ كادىرلار بىلەن چۈجىدىن ئىككى، ئۈچ مىڭنى تاللاپ ئايرىغاچ تۇراي.

ـ ئايرىيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار مۇدىر، ھامىنى باقىدىكەنمەن تايىنلىق ھەممىسىنىلا ماڭا بېرىڭلار، «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپتىكەن جاپانى بىرلا تارتاي ـ دېدى جۇمە قولىدا تۇتەپ تۇرغان موخوركا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ. مۇدىرنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. «مانا كۆرۈڭ بۇ پىتلىقنىڭ يۈرىكىنى» دېدى ئىچىدە ھەيرانلىقنى باسالماي.

ـ ھۇششەرە «خوراز»! يارايسەن! تەلىيىڭگە چۈجىلەرنىڭ بىرى «مىكىيان» چىقىپ كەتكەي! شۇنداق بولسۇن، ئەمسە ئىشنى باشلاڭلا، مەن ياردەمگە ئادەم چاقىراي.

كەنت كادىرلىرىغىلا ئەمەس، دېھقانلارغىمۇ باش قېتىنچىلىق بولۇۋاتقان مۇشۇنداق چاغدا، جۇمە «خوراز» نىڭ مەيدىسىگە مۇشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، چۈجىلەرنىڭ بارىنى كەنتنىڭ مەجلىسخانىسىدەك كەڭرى سامانلىققا سولىۋېلىشى مەھەللىدىكى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. دىمىسىمۇ ئويتېتىر كەنتى ناھىيە بازىرىغىلا ئەمەس، يېزا بازىرىغىمۇ يىراق، باشقا كەنت ـ مەھەللىلەردىنمۇ ئايرىلىپ تۇرىدىغان چەت، خىلۋەت كەنت بولغاچقىمۇ ئادەملىرى ئاجايىپلا خەق. باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا تۇزۇكرەك سالاممۇ قىلمايدۇ. زادىلا سالام قىلمايدۇ دىسەكمۇ بولماس، ئەمما سالام ـ سائەتنىڭ زىببىزىلا تايىنى يوق. ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئۇچراپ قالسىمۇ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام بەرسە ئېغىر كېلىدىغاندەك بېشىنى بىلىنەر بىلىنمەس ئېگىپ قويۇپلا، ياكى سەل ـ پەللا گىلدىڭلىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ «ئەڭ چوڭ» سالىمى. ئۇلارنىڭ سالىمىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ «بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئارىسىغا قىچا چېچىۋېتىلگەن بولغىيمىتى؟» دىگۈسى كېلىدۇ. قاتتىق ـ قۇرۇق پاراڭلىرىمۇ ئاز ئەمەس، دائىم باشقىلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگىلا كۆزىنى تىكىپ، ئېغىزىنى بىلەپلا تۇرىدۇ. لېكىن ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

مانا ئەمدى جۇمە «خوراز» مەھەللىدىكى «گەپ خالتىلىرى» نىڭ قىزىق نوقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى. تۆت ئادەم چۈغلىشىپ تۇرغان يەردىمۇ، دوقمۇشتىكى نەچچە قېتىملىق «كېسىش، يۆتكەش» تىن ئامان قالغان قېرى قاپاق تېرەك تۈۋىگە يىغىلىۋېلىپ، ئەتىدىن

www.kitaphumar.net

كەچكىچە قەرت، بورت ئۆينايدىغان بىكار تەلەتلەرنىڭ ئاغزىدىمۇ شۇ جۈمە «خوراز» نىڭ گېپى.

- ساراڭ بوپتۇ بۇ «تۆمۈر خوراز»، ئالىمادىس ئالدىنقى يىللاردىكىدەك بىر كېچىدىلا كېسەل تېگىپ قىرىلىپ تۈگەپ كەتسە، جەرىمانىگە ئۆيىنى سېتىپ بېرىپ، قوتۇر خورىزىدىن بىرنى قولتۇقلاپ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى-دە؟- دېدى توختىقارى قولىدىكى «بورت» تايىقنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

- ئەتتىگەندە شۇم ئېغىزلىق قىلماي بورتۇڭنى ئوينىساڭچۇ، سەنزە نىملا ئىش بولسا دائىم يامان تەرەپكە بۇرايسەن، كىم بىلدۇ بۇ «تۆمۈر خوراز» نىڭ چۈجە باقىدىغان بىز بىلمەيدىغان بىرەر مەخپى ئۇسۇلى بارمۇ تېخى؟- دېدى تاھىر تاياقنى «بورت» ئۇرىقىغا ئۇدۇللاۋېتىپ.

- ماۋۇ تايىر «تاياق» راست دەيدۇ جۇمۇ باللا، ئۇ «خوراز» ھەممىشە خوراز بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرگەندىكىن توخۇنىڭ تىلىنىمۇ بىلىۋالدىمۇ تېخى.

- ھەي باللا ئۇ «جورجى» نىڭ دائىم ئېغىزىدىن چىقىدىغىنى « پالانى چاغدا ھېلىقى چار خورىزىم، پالانىنىڭ قىزىل تاجىنى بىر تېپىپلا ۋاك دىگۈزۈپ 30 كويغا ئىگە قىلغان » ، « پوكۇنى چاغدا توم تاجلىق خۇنەن خورىزىم بارغۇ، ئۆمەر داڭنىڭ نەچچە مىڭ كويغا ساتمىغان ئۇززۇن بويۇن داڭدار خورىزىنى ئىككى بازلاپلا سۇر توقاي قىلىۋېتىپتى، ئۆمەر داڭ نومۇسقا چىدىماي شۇ يەردىلا خورىزىنىڭ كاللىسىنى شارتلا ئۈزىۋېتىپ، نەچچە مىڭ كويدىن قۇرۇق قالغان دەيمەن ....» دىگەندەك گەپلەر تۇرسا، ئۇيلايدىغىنىمۇ قايسى بازار كۈنى قايسى خورازنى كىمنىڭ خورىزى بىلەن، يەنە بىر بازار كۈنى قايسى خورىزىنى كىمنىڭكى بىلەن سوقۇشتۇرسام بولا دىگەندىن باشقا خىيال بولمىسا، ھەتتا ئۆيدىكى باللىرىنىمۇ ئويلاشقىمۇ چولىسى تەگمەيدىغان ئاداش تۇرسا ئۇ، شۇنچە كۆپ چۈجىنى بېقىشقا چولىسى تېگەرمۇ دەيمەن- دېدى بىرسى ھەيران بولغاندەك.

- كۆرگەنلەرنىڭ دىيىشىچە ئۇ «خوراز» كېچىسى ئۇخلىسىمۇ ئۈچ تۆت خورازنى ئىككى تەرىپىدە بىللە ياتقۇزامىشقۇ؟- دېدى ئاۋۇت «شاڭخو» گازىر كۆزلىرىنى ئوينۇتۇپ تۇرۇپ.

- نادان-دە سىلە باللا، ئۇنىڭ خىيالىنى بىلمەيسىلە دەيمەن، ئۇنىڭچە بولغاندا ئاشۇ نەچچە مىڭ چۈجە ئىچىدىن ھېلىقى چار خورىزىدەك خۇنەن خورىزىدىن نەچچە ئونلا چىقىپ قالسا تەلىيى كەلگىنى شۇ ئۇنىڭ، بۇ «تۆمۈر خوراز» نىڭ ئويلىغىنىمۇ دەل مۇشۇ دەڭلا ئاغىينىلە. لېكىن زە نىملا بولسۇن بىزنىمۇ، كەنت كادىرلىرىنىمۇ چوڭ غەمدىن خالاس قىلدى. يولى كەلگەندە ئۇنىڭغا رەھمەت دىسەك بولىدۇ- دېدى بىر چەتتە ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان ئابدۇللاجان.

- شۇنداق بولسىغۇ ياخشى، بىراق، ئاۋۇ توختىقارى دىگەندەك ئالدىنقى يىلى بىز دۇچچار بولغان قىسمەتكە دۇچچار بولۇپ قالسا قىپقىزىل ئۇۋال بولىدۇ-دە بايقۇشقا؟- دېدى قادىرىراخۇن.

- ھەي ئۇنى-بۇنى دىيىشتۇق، «يىتمغا يۆتەلنىڭ نىمە ئىشى» دىگەندەك ئۇ قوتۇر «خوراز» مەھەللىدىكى ھېچكىم خالىمىغان ئىشنى قىلمەن دەپ ھالىغا باقماي مەيدە كېرىگەندىكىن، شۇ

www.kitaphumar.net

قسمەتكە دۇچچار بولسا خوپ بولسۇن ـ دە! كىم قويۇپتۇ ئۇ قارا مەدەككە بۇنداق يوغانچىلىقنى؟ ـ دېدى تاھىر «تاياق» قولىدىكى تاياقنى بورت تاختىسىغا تاشلاپ. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ھېچقانچە ئويىنيالمايدىغان قادىرغا ئۈتتۈرۈپ قويغان ئىدى.

ـ قانداق گەپ قىلىسەنىوي «تاياق»؟ 15 كوينى ئۈتتۈرساڭ قادىرغا ئۈتتۈرۈپ، جۈمەگە دوق قىلامسەن، سېنىڭ قولۇڭدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى خەقنى ياراتمىغۇدەك ـ دېدى داۋۇتەم سەل تېرىكىپ.

گەپ مۇشۇ تەرىزدە داۋاملىشىپ بىر چاغلاردا پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى، ئەتىسى يەنە يېڭى-يېڭى گەپلەر بولۇنۇپ تۇراتتى. بەزىلەر نىمە ئۈچۈن شۇنچىلىك قىزىشىپ سۆزلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇرمايتتى. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق بېكار تەلەتلەر جۈمە «خوراز» نى كۆزىگە ئىلماي ئۇنى، بۇنى دەپ يۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ بېكار تەلەتلەرنى نىمە دەيدىغانلىقىنى خىيال قىلىشمايتتى. بەلكىم «خوراز» مۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئېتىبارسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىغاندۇ. نىملا بولمىسۇن ئۇ ھازىر ئۆزى ئۈچۈن موھىم بولغىنى، بىر ئامالالارنى قىلىپ ياشاش ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغان ئىكەنمىز ياشاش ئۈچۈن تىركىشىدىكەنمىز. ئادەم دىگەن بەزىدە ئۆز ئارزۇ-ھەۋىسىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان گەپكەن، كۆڭلىمىزگە بىر جىن كىردىمۇ بولدى، ئاشۇ ئارزۇ ئارمانلىرىمىزغا يېتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پالاقلايدىكەنمىز. بۇ ئادەملەردىكى تەبىئى بىر خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك. جۈمە «خوراز» مۇ ئاشۇنداق ھەۋەسنىڭ تۆرتكىسىدە خوراز بىلەنلا ھەپىلىشىپ ياشاپ كەلدى. بۇنى ئۇنىڭ تۇغما ھەۋىسى دىسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. تۇغمىدىن بۇرۇن بولىشىمۇ مۇمكىن. مانا ئەمدى ئۇ چۈجە بېقىشنى باشلىۋىدى، پالاقلايدىغان ئىشلىرى، ماڭىدىغان يوللىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

3

باغ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، زامانغا لايىق سېلىنغان توخۇخانا پۈتۈپ، چۈجىلەر سولانغاندىن باشلاپ جۈمە «خوراز» ئائىلىسى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئادەتتە ئايالىنىڭ تەكرار چاقىرىشلىرىغا، يېلىنىش-يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئېگىز ئاش ۋاختىغىچە دۆڭ ئوسۇرۇپ ئۇخلايدىغان جۈمە «خوراز» مۇ ئەمدى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. تاڭ ئاتماس ئۇزۇن كېچىدە « مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغانمىدۇ، بىرەر چۈجە سۇغا چىلىنىپ قالغانمىدۇ ...» دىگەندەك تىنىمسىز خىياللار بىلەن يۈرىكى سۇ، بىر كېچىدە نەچچە رەت قوپۇپ چۈجىلەرنى يوقلاش بىلەن ئارامخۇدا يېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭ ئىلگىركى تەپسە تەۋرىمەيدىغان مىس-مىس ئايالىمۇ بىردە توخۇخانىنى سۈپۈرۈپ

تازىلىسا، بىردە چۈجىلەرگە يەم تەييارلاپ تىنىم تاپمايتتى. ئۆزى يېيەلمىگەن گۆش، تۇخۇمنى يىگۈزۈپ ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتقان خورازلىرىنى قولتۇقلاپ بازارمۇ بازار قاتراپ تۇخۇ سوقۇشتۇرۇشقا چاپىدىغان جۇمە «خوراز» مۇ بازار كۈنلىرىنى ئۈنتۈپلا كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئايالى نەدىندۇ پەيدا قىلىپ، تۇخۇخانا ئالدىغا قويۇپ قويغان پوندىلەككىنە ئۇرۇك كۆتىكىدە كۆندۈرۈلگەن قارچۇغادەك ئولتۇرۇپ، تىنىمسىز چۇرۇقلىشىپ، توختىماي يەم يەپ، بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا يۈگۈرىشىپ يۈرۈۋاتقان چۈجىلەرگە ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئولتۇرۇشلىرى بىر قارىماققا خۇددى ئاشۇ يۇمران پەيلىك چۈجىلەر بىلەن ئۈنسىز پاراڭلىشىپ، قەلب ئىزهار قىلىشىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ قۇياش باغنىڭ نېرى چېتىدىكى قېرى ئۈرۈكلەرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاستا ئاستا چۆكۈشكە باشلاپ، يۇپۇرماقلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتىدىغان تال-تال نۇر دەستىسىنىڭ ئاجىزلاۋاتقىنىنىمۇ سەزمەيتتى. قويۇق شاخلار ئارىسىدىن پارچە-پارچە بولۇپ كۆرۈنىدىغان گۈلخاندەك قىزىل كەچكى شەپەقنىڭ جىلۋىسى سۇسلاپ، ئۇپۇق لېۋى سۇس قىزىلدىن كۈل رەڭگە، بىردەمدىن كېيىنلا قىزلارنىڭ قۇندۇزدەك چېچىنىڭ رەڭگىگە ئۆزگەرگەندىلا ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چۈجىلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئاشۇ بىر نەچچە سائەت ۋاقىت ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق بىر ئىش تۇخۇ سوقۇشتۇرۇشتەك قىزىقارلىق ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا چۈجە بېقىشمۇ خېلى كۆڭۈللۈكتەك تۇيۇلىدىغان بولدى.

بەزىدە تۇرۇپلا نەچچە يۈز خۇنەن خورىزى ئەتراپىنى گىدىيىپ ئايلىنىپ يۈرگەندەك، بويۇن پەيلىرىنى ھۆرپەيتىپ بىر بىرىگە خىرىس قىلىپ بازلىشىۋاتقاندەك، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈشىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى-دە، پاكىستانلىقنىڭكىدەك يۈزىدە ئاجايىپ بىر خىل كۈلكە قېتىپ قالاتتى.

- ئاھ خۇدا تەلىيىمنى ئوڭ قىلغايسەن، ئويلىغىنىمدەك ئالتە يۈز خوراز ئاتا قىلمىساڭمۇ بەش يۈز خوراز بولسىمۇ نېسىپ قىلغايسەن- ئۇ پات-پات ئەنە شۇنداق ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ قوياتتى.

راست، تىرىكلىك دۇنياسىدا كىمنىڭ باي بولغۇسى يوق، ئەمما بۇ مەھەللىدىكىلەردىن ھېچكىممۇ توخۇغا تايىنىپ باي بولۇشقا ئىشەنچ قىلالمىدى. ئىشەنچ قىلالمىدى ئەمەس، جۈرئەت قىلالمىدى، ئىزدىنىپ باقمىدى. ئەكسىنچە توخۇ بېقىشتىن ئېشەكنىڭ تاپىدىن سەسكەنگەندەك سەسكەندى. توغرىسى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشتىن قورقتى. چۈنكى ئالدىنقى يىللاردا توخۇ كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيان ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇزدەك قاتقان ئىدى. لېكىن دائىملا زىيان بولۇۋېرىشمۇ ناتايىن ئىدى. بۇ يىل جۇمە «خوراز» نىڭ تەلىي ئوڭ كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ بۇ يىل كۆكرەك كېرىپ چىقىۋىدى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي قۇشلىرى دوختۇرى، تېخنىكا خادىملىرى پات-پات كېلىپ تۇرۇشقا، يېتەكچىلىك قىلىشقا ، ياردەم بېرىشكە ۋەدە

www.uyghurkitap.com


بېرىشتى. ئىلگىرى ئۇلار قارىسىنمۇ كۆرسەتمىگەن ئىدى. شۇڭا جومە «خوراز» ئۆزىنى «باشقىلاردىن تەلەيلىك بولسام كېرەك» دەپ ھېس قىلاتتى.

جومە «خوراز» نىڭ نەزەرىدە بۇ قېتىم خۇدا ئۇنىڭغا جەزمەن ئوك كۆزىدە قارىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ پات-پات چۈش كۆرەتتى، چۈشىدە بەش، ئالتە يۈز خوراز ئۇنىڭ ئەتراپىدا بازلاپ يۈرەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ نەچچىسى خۇنەن خورىزى، نەچچىسى يەرلىك خوراز، جومە ئۆزۈن تاياق بىلەن ھايداپ ئايرىپ بولغىچە چۈشتىن ئويغۇنۇپ كېتەتتى-دە، بىردىنلا خىياللىرى چېگىشلىشىپ ئاخىرىنى چىقىرالمايتتى. «نىملا بولمىسۇن بەش يۈز خوراز چىقسا ھادىس ياخشى بولاتتى-دە» دەپ ئۇھسىنىپ قوياتتى.

بەزىدە ئالدىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن چوجە پاجىئەلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ «دوختۇرلار كېسەلدىن مۇداپىيە ئۇكۇلىغۇ سېلىپ بولدى، شۇنداقتىمۇ تەقدىر قىسمەت تەتۈر كېلىپ، بىر كېچىدىلا كېسەل تېگىپ قىرىلىپقۇ كەتمەس» دەپمۇ خىيال قىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا قانداقتۇر بىر رەھىمسىز، كۆرۈنمەس قولنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ، چوڭ يىلىنى چىقىۋالغاندەك پۈت-قوللىرىنىڭ تىترەپ، ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلاتتى-دە، دەرھاللا ئېغىر كاللىسىنى سىلكىپ، كىچىك چېغىدا قاسىم قارىنىڭ تايىقى ئاستىدا نەچچە ئاي ھەجىلەپ، مىڭ بىر بالادا ئۆگىنىۋالغان ئايەتلەرنىڭ ئېسىدە قالغانلىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، كۆڭۈلسىز خىيالنى ھەيدىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى، نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئىلگىرى ئۇ ئەتىۋالاپ بېقىۋاتقان سورتلۇق خۇنەن خورىزىنى سوقۇشقا سېلىش بىلەنلا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەن. قاچان ئاشۇ چوجىلەرنى بېقىشقا باشلىدى شۇنىڭدىن باشلاپ خوراز سوقۇشتۇرۇشقىمۇ چولىسى تەگمەس بولۇپ قالدى. خۇددى ئانىسى يوق تۇرۇك چوجىلىرىنىڭ ئانىسىغا «خوراز» دىن بىراقلا «ئانا مېكىيان» غا ئايلىنىپ قالغاندەكلا توخۇخانىنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىلا «ئانا مېكىيان» غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئاشۇ ئانىسىز چوجىلىرىگە بەكلا ئىنجىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى.

جومە «خوراز» چوجىلەرگە چوشلۇك يەم سېلىپ بېرىپ بەس-بەستە يەم چوقۇۋاتقان چوجىلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز قۇلىقىغا توخۇخادىن ئەمەس باشقا بىر ياقتىن كېلىۋاتقان چوجىنىڭ چوكۇلدىغان ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ دەلدەڭ قۇلىقى دىڭگايدى، زېھنىنى يىغىپ قۇلاق سالدى. ئۇ ئەمدى ئېنىق ئاڭلىدى. باغ تەرەپتىن راستىنلا چوجىنىڭ چوكۇلدىغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىككى ياكى ئۈچ چوجىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى. توت، بەش چوجىنىڭ ئاۋازى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. «خوراز» جىددىيلەشتى. ھىلدام-ھىلدام مېڭىپ باغقا كىردى. قېرىشقاندەك ئەمدى چوكىلدىغان ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ قىردا

زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. ئۆزىدىن ئىككى ئۈچ مېتىر نېرىدا لويىلار مىدىرلىغاندەك بولدى. ئارقىدىن «بىز بۇ يەردە» دېگەندەك بەس-بەستە چوكۇلداشقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

«نەدىن كېلىپ قالغان چوجىلەر بولغىيدى بۇ ئەمدى؟ يېقىن ئەتراپتىكى خوشنىلارنىڭغۇ چوجىسى باردەك قىلمايتتى، بىزنىڭ توخۇخانىنىڭ بىرەر يوچۇغىدىن چىقىپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلىدى «خوراز» دەققە ئىچىدە.

ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ لويلىلارنى پاراسلىتىپ دەسسەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ماڭدى. ئالدىدىنلا ئىككى، ئۈچ چوجە چوكۇلدىشىپ، يورغىلاپ قاچقىنىچە تېخىمۇ قويۇق ئۆسكەن لويلىلىق ئىچىگە شۇڭغىدى.

فېۋرالنىڭ ئاخىرى ئويتېتىر كەنتىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشاشلا يېشىللىق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. قاياققىلا قارىسىڭىز بوك-باراقسان يېشىللىق. باغ-ۋاران، ئېتىز-قىرلار تۇجۇپىلەپ تېرىپ ئۇندۇرگەندەكلا يەلپۈنۈپ تۇرغان قويۇق ئوت-چۆپلەر بىلەن يېپىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ تۇپراق، سۇيىگە مۇناسىۋەتلىكمۇ ياكى باشقا سەۋەپ بارمۇ ئېيتاۋۇر، ئوت-چۆپلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى لويلا تۇرلىرى بولۇپ ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. جۇمە «خوراز» نىڭ تۆت مو بېغىدىمۇ ھېچ يەرنى ئالا قويماي بېدىدەكلا لويلا ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى.ئۇ سەڭگەرەپ ئەڭ ئاخىردا لويلىلىققا شۇڭغىغان بىر چوجىنى ئېنىق كۆردى. چوجىنىڭ دۈمبىسىگە سۇۋالغان قىزىل رەڭنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ چوجىگە مۇداپىيە ئوكۇلى ئۇرۇلغاندا سۈرۈلگەن رەڭ ئىدى. دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ توخۇخانىسىدىن قېچىپ چىققان چوجە ئىدى. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيتتى.شۇ تاپتا «خوراز» بۇ ناكەسلەرنى قانداق قىلىپ توخۇخانىغا سولىۋېلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە خىيال قىلىۋاتاتتى.

«خوراز باستۇردىغان قۇما بىلەن باستۇرۇۋالسام بولامدۇ؟ ياق! ئۇ بەك كېلەڭگەكەي ئەپلەشمەيدۇ، ھايداپ بارسامچۇ؟ ئۇمۇ بولمىغىدەك، ئۇ يا ئەسكەر بولمىسا قاتار تىزىلىپ ئوڭغا ماڭ، سولغا ماڭ دەپ بۇيرۇق قىلسىلا مېڭىۋېرىدىغان، بىرسى ئۇياققا، بىرسى بۇياققا قېچىپ ھاردۇرۋاتامدۇ ئادەمنى؟...» ئۇ ئەپلىك چارە تاپالماي كىرلەشكەن بېشىنى تاتىلىدى. ئۇ خىيال بىلەن بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن چوجە كىرىپ كەتكەن دائىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئالدىنى توسماقچى بولدى. لويلا يوپۇرماقلىرىغا قونغان تۇپا-تۇزان بىلەن ئاپئاق پەيلىرىنىڭ رەڭگى سەل ئۆزگەرگەن ئۈچ چوجە بىردە لويلا يوپۇرماقلىرىنى، بىردە ئىنچىكە بويىنىنى سوزۇپ لويلىنىڭ يېڭىلا بىخ سۈرگەن يۇمران ئۇچىنى چوقۇپ يەۋاتاتتى. چوجىنىڭ لويلا يەيدىغانلىقىنى ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ چوجىنى ئۇركۈتۈۋەتمەي دەپ كۈچلۈكرەك تىنىشقىمۇ پېتىنالماي جىممىدە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا مىدىراپلا قويسا چوجە لويلا چوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەك بىلىندى. «ئەجەپ بۇرۇنراق بىلمەپتىمەنا؟ چوجە دېگەننى نەخ پۇلغا

www.kitaphumar.net

سىيتىۋالدىغان زاۋۇتنىڭ يېمى بىلەنلە باقماي، ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىكى پۈل تولمەيدىغان لويىلا بىلەن باقسامۇ بولغىدەكقۇ، ئوت-چۆپ يىگەنگە ئۆلۈپمۇ قالماس! توك ئارقىلىق چىقارغان ‹ئانا› سىز چۆجە دىگەن ئوت-چۆپكە قەۋەتلا ئامراق بولىدىكىنا.» ئۇ دەسلەپتە ئۇرۇقلاپ پىشاي دەپ قالغان چۆپلەردىن ئورۇپ ئېپكىلىپ، چۆجىلەرگە سېلىپ بېرىپ باقتى. بارا-بارا ئورۇپ ئۈلگۈرتەلمەيدىغان بولدى.

توغرا باغنىڭ ئەتراپى قورشاۋ تام بولغاندىكىن چۆجىنىڭ ھەممىسىنى باغقا قويۇپ بەرسەممۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇرىدى. ئاندىن يۆگۈرگەندەك توخۇخانا ئالدىغا چىقتى. چۆجىلەرنىڭ تىنىمسىز چۇرۇقلاشلىرى «بىزنىمۇ تېزراق قويۇپ بەر، بىزمۇ ئەركىن ئازادە يايرىۋالايلى» دەۋاتقاندەكلا ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

«ھەممىنى بىراقلا قويۇپ بەرسەم قانداق بولار، ئىچى سۈرۈپقۇ كەتمەس، بولدىلا، قېنى بىر ئىككى كۈن سىناپ كۆرمەيمەنمۇ، بالا-قازا ماڭا قاراپ تۇرماس». ئۇ بىر دەقىقە خىيالدىن كېيىن توخۇخانىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئۇلۇغ ئېچىۋاتتى. توخۇخانىغا كۆنۈپ قالغان چۆجىلەر دەماللىققا ئېتىلىپ چىقمىدى. «مانا قاراڭ، ۋاي تاۋى نازۇكلاررەي، تارتىنماي چىقىشسىلا، ھە قېنى خوش!» دېدى ياندا قاراپ تۇرغان جۇمە پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا. چۆجىلەرنىڭ بىرسى بوياندىپ لىككىدە سەكرەپ سىرتقا چىقىۋىدى، خۇددى بىرسىنىڭ باشلاپ بېرىشىنى كۈتكەندەكلا ئارقا-ئارقىدىن سىرتقا ئۆزىنى ئېتىشتى.

چۆجىلەر ئىككى كۈنلۈك جاپالىق ھايداپ چىقىرىش، ھايداپ كىرگۈزۈش نەتىجىسىدە سىرىكچىنىڭ نەچچە يىل مەشق قىلدۇرۇلۇپ ئۆگىتىلگەن چۈجىسىدەكلا ۋاقتى-قەرەلىدە ئۆزى توخۇخانىغا كىرىپ يېمىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ، يەنە ئۆزى باققا چىقىپ ئوتلايدىغان بولۇپ كەتتى. قورساق دىگەن بۇ «زاۋۇت» شۇنداق زالىم بولسا كېرەك، چۆجىنىمۇ شۇنچىلىك بويسۇندۇرغان ئىدى. ئەجەپلىنەرلىكى بۇ توك چۆجىلىرى لويىلىدىن باشقا خىلدىكى ئوت-چۆپلەرنى ئاندا-ساندا چۇقلاپ قويغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق مال-چارۋا ئانچە جىق يەپ كەتمەيدىغان ئاشۇ سېسىق لويىلىنىلا بىر-بىرسى بىلەن قىزغىنىشىپ يەيتتى. «توخۇ دىگەن نەرسە تېگىدىن سېسىق نەرسىگە ئامراق بولسا كېرەك، نىجاسەتمۇ سېسىققۇ ئەينا؟» جۇمە «خوراز» شۇنداق خىيال قىلدى.

تۆت مو باغنىڭ ئوت-چۆپى چۆجىلەر ئۈچۈن ئون، ئون بەش كۈنلۈكلا بولاتتى. جۇمە «خوراز» باغقا ھەپتىدە بىر، ئىككى قېتىم سۇ قويۇپ تۇرغاچقا، لويىلىنى بىرياقتىن چوقۇپ يەپ بولغۇچە يەنە بىر تەرەپتىن بىخلاپ ئۆسۈپ تۇراتتى. چۆجە يەپ ھارمايتتى، سېسىق لويىلا ئۆسۈپ تۇراتتى.

جۇمە بەزىدە تېخى چۆجىلەرنى سۈڭگۈچ ئارقىلىق ئېتىزلىققا ھەيدەپ چىقىپ بۇغدايىق ئەتراپىدىكى لويىلىلارنى يىگۈزىدىغان بولدى، قىزىق يېرى چۆجە بۇغداي يىمەستىن لويىلىلا

www.kitaphumar.net

يەيتتى. شۇنداق قىلىپ بۇغدايلىقتىكى نەچچە ۋاقىتتىن دورا چېچىپمۇ يوقىتالمىغان لـويلىنى نەچچە كۈندىلا پاكپاكىز تۈگىتىۋېتەتتى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * *

جـۇمە «خـوراز» توخۇخانىغـا كىرىشـىگە چـۈجىلەر كىلىشـىۋالغاندەك تۇشـمۇ-تۇشـتىن چۇكۇلدىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئەڭ ئاۋال قىلىدىغان ئىشى چۈجىلەرگە يەم بېرىش، سۇ قاچىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ سۇ قۇيۇش ئىدى. چۈجىلەر راستىنلا بېقىش تاپتى. بىر يـاقتىن زاۋۇت يېمى، يەنە بىر ياقتىن لويلا ئوت. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن چۈجىلەر خېلىلا يوغىناپ پەي تاشلاپ، يېڭى پەيلەر ئۆسۈشـكە باشـلىدى. ئەجەپلىنەرلىكـى يېڭـى چىققـان پەيـلەر ئىلگىرىكـى پەيلەرگە ئوخشىمايتتى. دەسلەپ بالدۇرراق پەي تاشلىغان چۈجىلەرگە يېڭىدىن ياپ-يېشىل پەي چىقىشقا باشلىغاندا، جۇمە «خوراز» تېپىدا سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە «بۇ بىر نەچچە چۈجىگە شۇنداقلا چىقىپ قالغاندۇ» دەپ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. پەيلىرى يېشىلغا ئۆزگىرىۋاتقان چۈجىلەر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئايىنىپ كېتىۋىدى «بۇ زادى نىمە ئىشتۇ؟ نىمىشقا شـۇنداق يېشـىل پەي ئۈنـۈپ چىقـىدۇ؟ بـىرەر كېسـەللىكنىڭ ئالامىتىمـىدۇ يـا؟» دەپ ئەنسىـز خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ياپيېشـىل پەيـلەر يـامغۇردىن كېيىنكـى بـامبۇكتەكلا تېـز ئۆسەتتى. بىر ھەپتىدىن كۆپراق ۋاقىت بولمايلا جۇمە «خوراز» نى ھەم ھەيران قالـدۇرۇپ، ھەم غەم-ئەندىشىگە سېلىپ چۈجىلەرنىڭ بارىغا يېشىل پەي چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنالمىدى.

«بىر كىمگە دىمەي تۇراي، چەتنەپ قالغان بولسا ئۆلۈپ كەتمىسۇن، يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس» دەپ تۇرىۋالدى ئايالى. نۇرغۇن سەۋرى-تاقەت، دەككە-دۈككە ئىچىدە يەنە بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزدى. سەۋرى-تاقەت قىلمايمۇ ئامالى يـوق ئىدى. بۇ ئىش جۇمە«خوراز» نىڭ ئۇيقىسىنى ئازلىتىۋەتتى. ھەر كېچىسى ئاجايىـپ بىـر خىـل چۈشلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان غەيرى خىياللار ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ چىقاتتى. ئەتتىگىنى كەيپى ئەسكى بولۇپ، دائىم يۈرىكىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك تىت-تىـت بـولغىنىچە ئورنىدىن تۇرىدىغان بولـۇپ قالـدى. قـارامۇتۇق يـۈزلىرى تېخىمۇ قارىـداپ كەتكەنـدەك، ئـات ياپىلىسىدەك يىرىك، قويۇق قاشلىرى تېگىدىكى ئورا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، سۈيى قۇرىغان بۇلاقنىڭ تىندۇرما كۆزىدەك كۆرىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. كېچىلىرى ئويلىغانلىرىنى بىر كىمـلەرگە دىگۈسـى كېلىـپ كەتتـى. لـېكىن كىمـگە دىـيىش كېرەكلىكىنـى بىلەلمەيتتـى. ئـۇ توختىمـاي ئۆلـۈغ-كىچـىك تىنـاتتى. ۋۇجـۇدى جۇغۇلـدايتتى، بەدەنلىرىنـىڭ قايسـىدۇر بىـر يەرلىرىدىن بىر نەرسە ئېقىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، كىمدۇر بىرى چـۈجىلىرىگە زەھەرلىـك يەم

www.kitaphumar.net

بىرىپ ئاشۇنداق يېشىل پەيلىك توخۇغا ئۆزگەرتىپ قويغاندەك، چۈجىلەر بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ بەكمۇ بىئارام بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ چۈجىلەرنىڭ بارىنى يېشىل پەيي قاپلاپ، باغدىكى يېشىللىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاشۇ چۈجىلىرىگە كۆچكەندەك، چۈجىلەر راستىنلا باشقىچە بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. چۈجىلەر يەم خۇمارى تۇتۇپ توخۇخانىغا ماڭغاندا باغدىكى بارلىق يېشىللىق توخۇخانىغا كۆچۈپ كىرىۋاتقاندەك، يەنە بىردەمدىن كېيىن چۆپ خۇمارى تۇتۇپ باغ ئىچىگە دەۋرەپ چىققاندا بولۇق ئۆسكەن مايسىلار شامالدا يەلپۈنۈپ دولقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

جۈمە «خوراز» نىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىرى خوتۇنىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي بۇ سىرنى سامۇش مۇدىرغا ئېيتتى. سامۇش مۇدىر پالاقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن باغقا كىردى. باغدا بىر پارچە يېشىللىق ئۇياقتىن بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈۋاتقاندەك ئاجايىپ مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. سامۇش مۇدىر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ دىقماق ئالقانلىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ سەگگەرەپ قارىدى.

- ھەي «خوراز» بۇ نەدىمۇ توخۇ بولسۇن! باشقىچىلا بىر قۇشقۇ؟ قىرغاۋۇلمۇ يا؟ لېكىن قىرغاۋۇل سۇر يېشىل پەيلىك بولمايدۇ دە! ھەي... قانداقلارچە ئۆزگەرتىپ قويغانسەن بۇ توخۇلارنى؟ - مۇدىر ھەيرانلىقتىن نىملەرنى دەپ كەتكەنلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى. بېشى پىقىراۋاتقاندەك قىلاتتى. گېپىدىن جۈمە «خوراز» نى «ھەممىگە سەن سەۋەبكار» دەۋاتقاندەك مەنا چىقاتتى.

- قانداقلارچە مەن بىر ئىش قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويغۇدەكمەن، بىلمەيلا قالدىم، تۇرۇپلا مۇشۇنداق ئۆزگۈرۈپ قالدى شۇ، مەنمۇ ئەنسىرەپ سىلىگە دوكلات قىلدىم مانا- دېدى جۈمە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئەسكەرتىپ.

- بولدى تالاشمايلى، تالاشساقمۇ بىز نىمە قىلالايتتۇق، ۋاقتىنى سوزماي دەرھال يېزا باشلىقى پەرھاتقا دوكلات قىلايلى، نىمە دىسە شۇ دىسۇن. قاراپ تۇرۇپ بىر ئۇبدان توخۇ چۈجىلىرى باشقا بىر خىل قۇشقا ئۆزگۈرۈپ قالسا قانداق بولغىنى؟ بۇ كىچىك ئىش ئەمەس جۈمۇ!- سامۇش مۇدىر جۈمە «خوراز» نىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئەمدى ئايغى چىققان بالىنى يېتىلىگەندەك سىرتقا سۆرەپ ماڭدى. قورققانلىقتىنمۇ ياكى جىددىيلەشكەنلىكتىنمۇ ئېيتاۋۇر جۈمە «خوراز» نىڭ يۈز، بويۇنلىرى قانسىراتقان ئۆيكىنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالغان ئىدى. قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. مۇدىر ئۇنى خۇددى دوزاققا سۆرەپ كېتىپ بارغاندەك، روھى شۇنچە چۈشكۈن، قەدەملىرى ئېغىر، سەللا دىققەت قىلمىسا پۇتلىرى كالۋالىشىپ، گويىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، چاراپاي دەلتۈشىنىڭ پۇتىدا سۆرۈلۈپ قالغان پايتىمىدەك ئارقىغا تارتىشىپ بەك تەستە ماڭاتتى.

«ناۋادا يېزا باشلىقى چۈجىنى قەستەن باشقا بىر قۇشقا ئۆزگەرتىپ قويۇپسەن، بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ھەر بىر چۈجىگە بەش كويدىن، ياق! ئون كويدىن جەرىمانە تۆلەيسەن دەپ

www.kitaphumar.net

گۈكىرەپ كەتسە نىمىمۇ دىگۈلۈك؟ شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ ئاشۇ ئىنجىمارۇق چۈجىلەرنى مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە تارتقان ھەرەجلىرىم ئازمۇ؟ ئەمدى بولغاندا بارلىق ئۈمىد-ئارزۇلىرىم، ھاياجانلىرىم يوققا چىقىپ كۆپۈككە ئايلىنارمۇ؟» دىگەن خىياللار جۇمە «خوراز» نىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا قىشنىڭ قارا بۇلۇتىدەك چۆرگىلەپ، قانداقتۇر بىر كۆرۈنمەس قارا قول يۈرىكىنى سىققاندەك بىئارام بولاتتى. راست ئۇنىڭ چۈجىرىلىرى باشقىلا بىر خىل قۇشقا ئوخشاپ قالدى. «خانىنىڭ ئاغزى مايمۇن» دىگەندەك بۇنىڭ ئۆچۈن باشلىق خوجاملار نىملا دىسە بولىۋېرەتتى.

4

جۇمە «خوراز» نىڭ چۈجىلىرى خورىزى بىلەن مېكىيىنى تولۇق ئايرىلىپ بازارغا يارىغىدەك توخۇ بولۇپ قالدى. توخۇلار چوڭايغانچە جۇمە «خوراز» نىڭ ئەندىشىسىمۇ كۆچىيىپ باردى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلتۇرسا-قوپسا « چۈجىلەرغۇ مېڭىبىر جاپادا توخۇ بولدى، ناۋادا سېتىلماي قالسا، باش باھاردا باشلانغان مۇشەققەتلىك، ئەمما كۆڭۈللۈك چۈجە بېقىش سەپىرىمنى تېخى يازغا ئۇلاشماي تۈرۈپلا، ئازاپلىق ئۈمىسىزلىنىشلار ئىچىدە چوڭقۇر ھاڭ گىرۋىكىگە يەتكۈزۈپ قويارمەنمۇ؟» دىگەن خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە يۈرىكى كاۋاپتەك پۇچۇلىنىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى مۇشۇ ئىككى كۈننىڭ ياقى ئۇنىڭ ئەندىشىلىك خىياللىرى ئىزغىرىن شامالدا نەلەرگىدۇ تارقىلىپ كەتكەن قوغۇشۇن رەڭ تۇماندەك، خىيال ئاسمىنىدىن بىراقلا توزۇپ كەتتى. چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن، روھىمۇ خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ، قەدەملىرى تېز، لايدەك ئېزىلىپ تۈرىدىغان ۋۇجۇدى قۇش پېيىدەك يەڭگىللەپ قالغاندەك ئىدى. ئىش ھەركىتىمۇ ئىلگىركىدىن نەچچە ھەسسە تېزلىشىپ، تېتىكلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ بۇگۈن ئادەتتىكى ۋاقىتتىن ئىككى سائەت بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى. ئايالىنىمۇ ئويغاتماي ئۇزۇن دەستىلىك چىغ سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ ئاۋال ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ كىرىپ، ئاندىن ھويلىغا تۇتۇش قىلدى. تا مۇشۇ يېشىغىچە قىلىپ كۆرمىگەن بۇ ئىش ئۇنىڭغا خېلى ئېغىر تۇيۇلدى.

«خوتۇندىنمۇ ئاغرىنمسام بولغۇدەك، نەچچە يىللاردىن بېرى مېنىڭ قولۇمنى ئەگرى قىلغۇزماي ئۆزى ئوتۇن كەلسەپ، ئۆچ ۋاقلىق ئاش-تاماقنى ۋاجتى-سائىتىدە ئېتىپ، يۈز-كۆزلىرىنى پۇچىلاپ نان يېقىپ، ئالقانلىرى قىزارغىچە كىر-قات يۇيۇپ، ئۆي-ۋاقنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈجىلەرگە يەم بېرىپ، ئەتىدىن كەچكىچە كالىدەك ئىشلەپ بەرسىمۇ، ‹ھورۇن خوتۇن› دەپ ئاچچىقلاپ يۈرۈپتىمەن، ئۇھ! دىگۈدەك ھالى قالمايدىكەن ئەمەسمۇ ئەسلى» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. ئۇنىڭ بىلەكلىرى، بەل-باشلىرى تالغان ئىدى. يۈزىدە مۇنچاق-مۇنچاق تەر تامچىللىرى يالتىرايتتى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى قىلمايتتى. ئۇنداق ئىش قىلغان ئەرلەرنىمۇ ئۆچ كۆرەتتى. «تاماق ئېتىش، نان يېقىش، كىر-قات يۇيۇش، ئۆي-ۋاقنى

www.kitaphumar.net

سېرىپ-سوپۇرۇش دېگەنلەر ئايال خەقنىڭ خاس ئىشى» دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن ئايالىغا بەس سېلىپ ئولتۇرمىدى.

- ۋاي مەن ئۆلەي! بۇ نىمە ئىش ئەمدى؟ بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقىپ كېتەر ئەمدى؟ غىپپىدە ئورنۇڭلىدىن تۇرۇۋالغىچە مېنىمۇ نۇقۇشلاپ قويساڭلار بولماسمىدى ئادەم، بېكىلىڭلا ئەر كىشى، ماڭا بېرىڭلار ما سۈپۈرگىنى، سىلە نېرى تۇرۇڭلا ئەمدى، مېڭلا كىشىنى ئۇياتقا قويماي- دېدى سۈپۈرگىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىدىن ئويغۇنۇپ كەتكەن سۇپىرەم كۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۇۋۇلىۋېتىپ. ئۇ ھەيرانۇ-ھەس بولغىنىچە جۇمە سۈپۈرۈپ بولمىغان، سۈپۈرۈپ بولغان يەرلەرگىمۇ قايتىدىن سۈپۈرگە سېلىشقا باشلىدى. ئۇ قانداقتۇ بىر خىيال بىلەن توخۇخانا ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ موخۇركا ئوراۋاتقان جۇمەگە ھەۋەس قارىغان ئىدى، جۇمەمۇ ئۇنىڭغا ئىللىق بىر تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى. سۇپىرەمنىڭ كۆڭلى ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتىپىدەك ئىللىق بىر سېزىمنى ھېس قىلىپ جىلمىيىۋىدى، ئېغىزىنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى قېلىن كالپۇكىنى سەل-پەل كۆتۈرۈپ تۇرغان ساپسېرىق ئىككى تال چىشى ئېچىق بېشىغا قاققان قوزۇقتەك ھىڭگىراپ كۆرۈندى.

- باش توخۇ چىللىماستىلا ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى خوتۇن، نىمىشقا دىمەمسىلەر، تۆنۈگۈن خۇيتەن بىلەن ساموش مۇدىر خەۋەر قىلدى، بۈگۈن يېزا باشلىقى بىلەن سېكرىتار شەھەردىكى چوڭ بىر تاماقخانىنىڭ خوجايىنىنى باشلاپ چىقىدىكەن، ئۇ خوجايىن سېكرىتارنىڭ يېقىن ئاغىينىسىمىش، ئۆتكەنكى توخۇ شوۋىسى سېكرىتارغا تېتىپ قالغان چېغى، خوجايىن ئاغىينىسگە دەپتىكەن ئۇمۇ قىزىقىپ قاپتۇمىش، شۇڭا ئەتىسگەنرەك تۇرۇپ تەييارلىق قىلغاچ تۇراي دېدىم- دېدى جۇمە ئورنىدىن تۇرغاچ.

- ھە ... مۇنداق ئىش دەڭلا ئەر كىشى، ھەي، سېكرىتارغا نەرىمۇ تېتىپ قالغاندۇ لويىللا پۇرايدىغان سېسىق توخۇ گۆشىنىڭ، قانداقمۇ قولدىن چىقىرامىز بۇ توخۇلارنى دەپ غەم يەۋاتسام سېكرىتارغا ياراپ قالغىنى قىزىق، توۋا....- سۇپىرەم ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەندەك قولىدىكى سۈپۈرگىنى تاشلاپ، جۇمەگە قارىدى.

- نىمە دەيدىغانسىلە ھوي خوتۇن، بۇ جاھاندىچۇ سىلە بىز چۈشەنمەيدىغان، خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ باقمايدىغان ئىشلار ساماندەك، «بىرسى چالما دېگەننى يەنە بىرسى ئالما دەيدىكەن» دېگەن گەپ بارغۇ، ئاڭلىسام خەنسۇ خەق دېگەن «ئۆز تەم، ئۆز پۇرىقىدا پىشقان» يىمەكلىككە قەۋەتلا ئامراقمىش- دېدى جۇمە ھاڭغاز تارتىپ ئېغىزىغا قاراپ تۇرغان خوتىنىغا چۈشەندۈرۈپ- سىلى شاپپىدە ئوچاققا ئوت يېقىپ بىر قازان سۇ قايىنىتىڭلا، مەن سېمىز خورازدىن تۆت، بەشنى تۇتۇپ چىقىپ بوغۇزلاي، قايناق سۇغا بېسىپلا پاكىزلاپ تۇرايلى.

- تۆت، بەش «خوراز» نى دەيسلەغۇ، سىلە خورازغا ئۆچ بولمىغاندىكىن مېكىيانلىرىدىن بىر، ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ تۇرايلىمىكىن، بولمىسا ئۆتكەنكىدەك يەپ-يەۋېلىپلا ھېچنىمە

كۆرمىگەندەك كېتىپ قېلىشسا «قىپ-قىزىل زىيان بولدى» دەپ ئىچىڭلا ئېچىشىپ كېتىدىكەن-سۇپېرەم سەل تەشۋىشلىنىپ قالدى.
- قانداق قىلىمىز ئەمدى، بىرسى يېزا باشلىقى، بىرسى سېكرىتار، يەنە بىرسى سېكرىتارنىڭ ئاغىينىسى - شەھەرلىك خوجايىن تۇرسا، بۇ خوجاملارغا ھەق تۆلەڭلا دىگىلى بولامتىمۇ؟ بوپتۇ، بۇ قېتىممۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ چىدىۋاتاي، ھېلىقى ئاشخانا خوجايىنىغا تېتىپ قالسا كۆپراق سېتىۋالسا ئەجەپ ئەمەس!
سۇپېرەم ئۇن-تىنسىز ئوچاق تەرەپكە يۈزلەندى. جۇمە يانپىشىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان غىلاپنى سىيلاپ قويۇپ، دۈس-دۈس دەسسەپ باغ تەرەپكە جۆندى. بىردەمدىن كېيىن باغ تەرەپتىن قايسىدۇ بىر ئەجىلى توشقان خورازنىڭ ئەنسىز قىرقىرىشى ئاڭلانغان پەيتتە ئوچاق بېشىدىكى قازانمۇ شىڭىلداۋاتاتتى.

* * * * * * * * * * * * * * * * *

كۈن قىزىلىدىلا جۇمە «خوراز» نىڭ ھويلىسىغا ئۈنگەن ساموش مۇدىر بىلەن ئورۇنباسارى سادىق، جۇمە «خوراز»لارنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ تەڭ پالاقشىپ يۈرەتتى. ساموش مۇدىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، جۇمە، سادىقلار بوغۇزلانغان خورازلارنىڭ ياپ-يېشىل پەيلىرىنى تۈجىپىلەپ يۇڭۇزلاپ، قولغا چىقمايدىغان يۇمران، ئۇششاق پەيلىرىنى ئۇرۇك ئوتىنىنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان يالقۇنىدا ئۆكلەپ، قايتا-قايتا يۇيۇپ پاكىزلىدى. ئۇنىڭ تۆتىنى قازانغا دۇملەشكە بۇيرۇپ، يەنە تۆتى ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلدى. ساموش مۇدىرلار ئېلىپ كەلگەن باچكا گۆشى كېسەكتىن ياسالغان ئوچاققا ئېسىلغان قازانغا ئايرىم دۇملەندى. توشقان گۆشى قورداققا تەييارلاپ قويۇلدى.
سۇپېرەم ئوچاق بېشىدا ئوت قالاش، قاچا-قۇمۇچ يۇيۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان جىمبىلدىن، دېھقانلار ئەزەلدىن بېقىپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكى يەرلىك توخۇلارنىڭ گۆشىدىن تارىلىدىغان، ھەممىگە تونۇش مېزىلىك ھېد ئەمەس، بەلكى، بۇغدايلىقلارنى ئوتىغان چاغدا سۈيى قوللارنى ياپ-يېشىل بويىۋېتىدىغان ئۆت-چۆپلەرنىڭ پۇرىقىدەك غەيرى بىر پۇراق دىماققا ئۇرىلاتتى.
- قانداق بولغىنى بۇ ھوي سۇپېرەمخان، لويىللا پۇرايدىغۇ بۇ شوۋا، غولپىياز بىلەن زەنجىۋىلدىن جىقراق سالمىدۇقمۇ نىمە؟- دېدى ساموش مۇدىر پۇرۇقلاپ قايناپ، تاشايلا دەپ قالغان توخۇ شورپىسىنى پۇچۇق چۆمۈچتە سورۇۋاتقان سۇپېرەمخانغا گۇمان بىلەن قاراپ.
- مانا قاراپ باقسىلا مۇدىر خېلى كۆپ سالدىم، غولپىياز، زەنجىۋىلدىنلا ئەمەس، ئاقمۇچ، قارامۇچلاردىنمۇ بىر داش شوۋىغا تېتىغۇچىلىك سالدىم بولمىسا، ھېچ ئەقلىم يەتمىدى، يەنىلا شۇ

www.kitaphumar.net

www.uyghurkitap.com

لويلىنىڭ پۇرىقى چىقۋاتىدىغۇ تاڭ ـ سۇپىرەمخان تەئەججۈپلەنگەن ھالدا شورپىنى سورۇشتىن توختاپ، ئۆز رەڭگىنى تونىغۇسىز بولۇپ كەتكەن جىمبىل ئىغىزىنى ئاستا يىپىپ قويدى.

دەرۋازا ئالدىغا كىلىپ توختىغان، ۋال-ۋۇل پارقىراپ تۇرىدىغان قارا رەڭلىك پىكاپنىڭ ئەنسىز پايىلدىشى قازان بېشىدىكىلەرنى پات-پاراق قىلىۋاتتى.

ـ شاپ بولۇڭلار، ئۇلار كەلدى، ئالدىغا چىقايلى ـ دېدى ساموۇش مۇدىر تەمتىرەپ تۇرغان جۈمەنىڭ بېقىنىغا نوقۇشلاپ. ئۇچەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا يېزا باشلىقى پەرھات ماشىنىدىن چۈشۈپ بولغان ئىدى. ئۇ چاققان بېرىپ پىكاپنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىۋدى ئاۋال ما سېكرىتار قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ پۈچەك گازىردەك كۆزلىرىنى ئاپتاپتىن توسقان ھالدا چۈشتى. ئاخىرقىدىنلا كىچىككىنە خۇرۇم سومكا كۆتىرۋالغان يەنە بىر مېھمانمۇ چۈشتى. مېھمانىنىڭ كىيىۋالغان كاستۇم-بۇرۇلكىسى ئۇرۇق، ئەبگا تېنىگە كەڭ كىلىپ قالغاچقا، كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويغاندەكلا كۆرىنەتتى. «بەلكىم، ما سېكرىتارنىڭ ھېلىقى خوجايىن ئاغىنىسى مۇشۇ ئىنجىمارۇق بولسا كېرەك، توكتىن چىققان چۈجىدەكلا ئىكەنغۇ بۇ. چوققۇم شۇ، شۇ بولماي كىم بولاتتى. تۆنۈگۈن ساموۇش مۇدىر ئېنىق دىگەن تۇرسا. پىكاپتىن چۈشە چۈشمەيلا ‹نەدە ئوبدانراق نەرسە باردۇ› دىگەندەك بويۇنداپ، ئەتراپقا ئالا قويماي قاراپ كەتكەن ئادەم خوجايىن بولماي كىم بولاتتى يەنە، تىۋا، ئاشخانا خوجايىنىمىش تېخى! ئۆزى بىرەر تاۋاق ئاش سۇيى چاغلىق بىرنىمە ئىچمەي، ھەممىنىلا سېتىۋەتسە كېرەك»، جۈمە چاقماق تېزلىكىدە خىيالىغا كەچكەن ئويلارنى باشقىلار بىلىپ قالمىغىيدى دىگەندەك خۇدۇكسىرەپ، ھەممەيلەنگە ئالاق ـ جالاق قاراپ چىقتى. ھېچكىمنىڭ چىرايىدا سىزىپ قالغاندەك ئالامەت باردەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىزىغا چۈشتى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ما سېكرىتار، تېنچ ئامان كەپسىز؟ تېنچلىقمۇ يېزا باشلىقى، ھارماڭ! ھە، سىزمۇ بەلەن چىقىپسىز خوجايىن ـ ساموۇش مۇدىر قەدىمىي كۆل بويىدىكى سۇ تەرەپكە تارتىپ ئۆسۈپ، مۈكچىيىپ قالغان قېرى سۆگەتتەك ئېگىلىپ تۇرۇپ، مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى، ئاندىن نىمە قىلارنى بىلەلمەي ئۇڭايسىزلانغىنىدىن، ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمەي بېزىرىپ تۇرغان جۈمەگە يۈزلەندى ـ ھە قىنى جۈمەخۇن خەنسۇنىڭ بۇتىدەك تۇرماي، مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيگە باشلايلى.

ـ ھاي، ھاي!.. بۇ، بۇ ...! نىمە دىگىنىڭلار بۇ ھوي ساموۇش مۇدىر، گەپ دىگەننى ئەتراپقا قاراپ، چايناپ بېقىپراق قىلغۇلۇق ئەمەسمۇ ـ دېدى يېزا باشلىقى چوچەكتەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. ئۇ بىردە «ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، بۇ شۇنداق پەلە-پەتىش، تومپاي ئادەم» دىگەندەك بىر خىل ھۆزرىخالىق نەزرىدە جىلمىيىپ ما سېكرىتار بىلەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرغان خوجايىنغا قارىسا، بىردە ماھىر ئارتىستىدەكلا بىردىنلا يۈزىگە بۇلۇت ياغدۇرۇپ ساموۇش مۇدىرغا ھومۇيۇپ قارايتتى.

www.kitaphumar.net

ـ ھەي ھېچكىسى يوق شۇ يېزا باشلىكى، سا مۇدى ئۇدۇللا دېگەن گەپ شۇ، ئادەتتە شۇنداكې دىسۇڭ چاتاكى يوك، كېنى سىز ماڭسۇڭ ـ دېدى سېكرېتار ئۈيغۇرچىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ.

قايسى گەپنى خاتا دەپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالغان ساموۇش مۇدىر سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، چىرايىغا ۋىلىلدە قان يۈگۈرگەندەك بولسىمۇ، لېكىن پۇت-قوللىرى قىشنىڭ سوغىقىدا قالغان داڭگىرا ئېشەكنىڭ پۇتىدەك كالاڭ كېتىۋاتاتتى.

ـ ھە كېنى، مۇدى سىز ئالدىدا ماڭسۇن شۇ ـ دېدى ما سېكرېتار يەنە ساموۇش مۇدىرنىڭ غولىغا پەپىلەپ. ساموۇش مۇدىرنىڭ پۇت-قولىغا ئەمدى سەل جان كىرگەندەك بولدى.

ـ يوقسۇ، يوقسۇ، ئۆزلىرى دېگەن ئېزىز مېھمان تۇرسىلا، سىلى ئالدىدا  ماڭسىلا سېكرېتار، قېنى مەرھەمەت، ئۇدۇل مېڭىۋەرسىلە ـ دېدى ساموۇش مۇدىر  ۋە قىرغاۋۇلدەك يورغىلاپ يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا ئېگىلدى ـ  پېشايۋان ئاستىدا سالقىنراق ئولتىرىمىزغۇ ھەقاچان، قانداق دىدىم يېزا باشلىقى؟

ساموۇش مۇدىرنىڭ ئويلىمايلا دەپ سالغان بىر ئېغىز گېپى خۇددى سىڭمەي تۇرىۋالغان كالا سىڭىرىدەك كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، كەيپىياتى بىر قىسىملا بولۇپ قالغان يېزا باشلىقى ساموۇشنىڭ گېپىگە پەرۋامۇ قىلماي، سېكرېتارغا جىم-جىتقىنە ئەگىشىپ ھويلىغا كىردى.

ئۈلار ئۇياق، بۇياققا سەپ سالغاچ پېشايۋان تەرەپكە ئەمەس، باغ تېرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، ساموۇش مۇدىر ئېغىز ئاچتى:

ـ قېنى سېكرېتار بۇ تەرەپكە ماڭسىلا، بىزدە «ئاۋال تائام، ئاندىن كالام» دەيدىغان گەپ بار، سىلى ئامراق توخۇ گۆشىمۇ پىشىپ مەلەخ بوپ كەتتى، ئاۋال ئىسسىقىدا يەپ قورساقنى دۆڭ قىلىپ، ئاندىن كۆرىدىغاننى كۆرسەكمۇ ئۈلگىرىمىز، قانداق دىدىم يېزا باشلىقى؟ـ ساموۇش مۇدىر يېزا باشلىقىغا قاراپ غەلىتە بىر خىل ياراشمىغان تەبەسسۇمدا ھىجارىدى. ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشىغا تەقەززا بولغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئىككى گەپنىڭ بىرىدە يېزا باشلىقىغا ئىلتىجا قىلاتتى.

ـ ھوي جۇمەخۇن، ئۆيدە شىرە-پىرە، ئورۇندۇق-پورۇندۇق دىگەنلەر يوقمىدى؟ـ سورىدى يېزا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېكرېتارمۇ پۇتىنى بىردە ئۇياققا سوزۇپ، بىردە بۇياققا سوزۇپ، خۇددى يانتاقتا ئولتۇرۇپ قالغاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالمايۋاتاتتى.

ــ ئاتامدىن قالغان شىرەدىن بىرسى بولىدىغان، ئادەتتە بىز ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلەتمىگەچكە نەدە تۇپا بېسىپ تۇرىدىكىن؟ بولمىسا ئامبارغا قاراپ باقايمۇ-يا؟ـ جۇمە يېزا باشلىقىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئەسكى تۈسكىلەر ساقلىنىدىغان ئامبار تەرەپكە ماڭدى. ئورۇن باسار مۇدىر سادىقمۇ قولىدىكى مىس چۆگۈننى يەرگە قويۇپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە

www.kitaphumar.net

ئالا قويماي قاراپ، قوۋۇندەك پىتراپ چىققان بولسىمۇ بىرەر چولاق ئورۇندۇق تۆگۈل، پارچە پۇرات چاپان شالمۇ كۆزىگە چېلىقمىدى.

ـ بولدى قويۇڭلا جۇمەخۇن، كىچىككىنە شامال چىقسىمۇ غىچىرلاپ كېتىدىغان، قەقەي دادامنىڭ ۋاقتىدىن قالغان ھېلىقى يۇمۇلاق شىرەدۇ شۇ تاپىنلىق، ئۇ نىمەڭلىنى نەچچە يىل ئىشلەتمىگەن بولساڭلار سىر-پىرلىرى چۇشۇپ ئىشەك غاجىلاۋاتقاندەك بوپ قالغاندۇ بۇ چاققا ـ ساموۋش مۇدىر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك دەرھال سادىقتا يۇزلەندى ـ سادىقجان، ئاز تولا كاللا ئىشلەتلى مۇنداق، «خوراز» نىڭ ھويلىسىدا بوراندەك پىقىرىساڭلىمۇ بىر نەرسە چىقمىغاندىكىن، دىككىدە تەشكىل قوروسىغا بىرىپ، مەجلىسخانىدىكى شىرە-ئورۇندۇقىدىن ئىپكەلمەمسىلە مۇنداق.

سادىق ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرالماي پىخىلداپ كۈلگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ساموۋش مۇدىر سادىقنىڭ كۈلكىسىدىن دەرھال بىر گەپنى خاتا قىلىپ سالغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، دەرھال يېزا باشلىقى پەرھاتقا نەزەرىنى ئاغدۇردى. پەرھاتنىڭ يۈزى ئۆرۈمچىنىڭ ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، دەرھال قارىماققا خۇددى قاش-كىرپىكنىڭ تايىنى يوق بەڭگى جۇۋانىنىڭ ئۇپا-ئەڭلىكسىز كۆكۈش يۈزىدەك شۇنچىلىك سۇرلۇن تۇيغۇ بىرەتتى. ساموۋش مۇدىرنىڭ يۈرىكى توك سوققاندەك جىغلا قىلىپ قالدى. كۆرپىسىگە سىيىپ قويغان كىچىك بالا قاپىقى يامان ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

ـ ساموۋشاخۇن، كۆزۈڭلىنى پاقا تەشكەن سويمىدەك پاقىرىتىپ كۆزۈمگە قاراپ تۇرىۋەرمەي، گاچ-گۇچ بىر ئىش قىلمامسىلەر، نىمانداق ئەزمىلىك قىلىسىلەر بۇگۇن!ـ يېزا باشلىقىنىڭ خىلىلا ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ زەردىلىك گېپىنى ئاڭلاپ ساموۋش مۇدىرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە چاقماق چاققاندەك بولدى. «ئەستا نىمىشقىمۇ ‹بوران› دىگەن گەپنى ئويلىمايلا دەپ سالغاندىمەن، مىنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنى-زە؟» ساموۋش مۇدىر ئېسىنى يىغىپ، سادىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ـ بولدى، بولدى سا مۇدى، سىز بامىسۇڭ، بىز مۇشىنداك ئوتتۇسۇڭ چاتاكى يوكى، كەسۇڭ، كەسۇڭ ـ سېكرىتارنىڭ چاقىرۋېلىشى بىلەن ساموۋش مۇدىر، بىلەن سادىق دەرۋازا ئالدىدىن يېنىپ كەلدى. جىددى كەيپىياتمۇ سەل بېسىلغاندەك بولدى.

ـ ھەي سۇپىرەمخان بۇياققا كېلىڭ، ئۆيدە يېگىراق كۆرپىمۇ يوقمىدى؟ بولسا ئىككى ئۈچنى ئېلىپ چىقمامسىز؟ـ سورىدى يېزا باشلىقى بىر ئەقىل تاپقاندەك، قازان بېشى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان سۇپىرەمنى چاقىرىپ.

ـ بار، بار، ۋاي ئېسىم قۇرسۇن! جىددىلىشىپ كۆرپە سېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، مۇشۇ ئادەمزە .... ئۇ خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن مۇمىدەك تىككىدە تۇرغان جۇمەگە ئالىيىپ قويۇپ ئۆيگە شۇڭغىدى ـ ھە مانا، مانا، ھازىرلا ...

سۈپىرەم ھايالشمايلا كۆرپىدىن تۆتنى قولتۇقلاپ چىقىپ نىمكەشىراق بولسىمۇ ئىككى پارچىنى سېكرىتار بىلەن يېنىدا ئولتۇرغان خوجايىننىڭ ئاستىغا تاشلاپ بەردى. ئاندىن يېزا باشلىقىغا يۈزلىنىپ:

ـ قېنى يېزا باشلىقى خاپا بولماي ئازراق مىدىرلاپ بەرگەن بولسىلا ماۋۇ كۆرپىنى ـ دېدى خېلى يېڭىلا بىر كۆرپىنى يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ.

ــ بولىدى رەھمەت، مەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېرەي، كېيىنچە ئازادە ئولتۇرۇشۇۋالارمىز بولغاندىكىن، ھازىرچە بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ تۇرۇڭ ــ دېدى يېزا باشلىقى ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويماي. سۈپىرەم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ قولىدىكى كۆرپىنى بىر چەتكە تاشلاپ قوياي دەپ مېڭىۋىدى، يېزا باشلىقى يەنە توختىتىۋالدى.

ـ ھە، ئەكىلىڭ كۆرپىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ـ يېزا باشلىقى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرپىنى قولىغا ئېلىپ، يېڭى ئەسكەرلەر يوتقان ـ كۆرپە قاتلىغاندەك تۈجىپىلەپ تۆت چاسا قىلىپ قاتلاپ، سېكرىتارنىڭ يېنىغا باردى ـ ما سېكرىتار قارىسام تازا ئەپلىشىپ ئولتۇرالماي قالدىڭىز، قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاۋۇ كۆرپىنىمۇ قاتلاپ ئىككىسىنى بىر قىلىپ، «كۆرپە ئۇرۇندۇق» راسلاپ بېرەي.

ھەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، ئاۋال ئاياقتا سۈزۈلگەن باچكا گۆشى، چوڭ بىر چۆچەكتە باچكا شورپىسى كەلتۈرۈلدى. ئالسىلا ، باقسىلا بىلەن تەكەللۇپ قىلىشىپ بىرەر، يېرىمدىن باچكا يەپ، بىر پىيالىدىن شورپا ئىچىلگەندىن كېيىن، سېكرىتار بىلەن خوجايىن نىمىشقىدۇ بىر بىرسىگە سىرلىق قارىشىپ قېلىشتى. يېزا باشلىقىمۇ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، باچكىنىڭ قانىتىنى بىخارامان شۈمۈپ ئولتۇرغان سامۇش مۇدىرغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. سامۇش مۇدىر بىلەن سادىق قوللىرىنى قاسماقلىقىدىن رەڭگىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان قېلىن لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

ھايال ئۆتمەي داستىخانغا ئوغلاقنىڭ پۈتۈن گۆشىدىن قىلىنغان تونۇر كاۋىپى، ئاندىن توشقان گۆشى قوردىكى كەلتۈرۈلدى.

ـ بەكلا كايىپ كېتىپسىلەر سامۇش مۇدىر، بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگۈلۈك ئىدى ــ دەپ قويدى يېزا باشلىقى رەسمىيەت يۈزىسىدىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ كاۋاپقا ئانچە ئىشتىيى يوقتەك نېزىخاپ ئولتۇرغان سېكرىتارنى كاۋاپتىن ئېلىشقا زورلىدى.

ـ قاراپ ئولتۇرمايلى ما سېكرىتار، سوۋۇپ قالسا يېيىشلىك بولمايدۇ، قېنى ئېلىڭ تازا يۇمشاق پىشقاندەك قىلىدۇ، دورا ـ دەرمىكىمۇ بەلەنلا تېتىپتۇ.

سېكرىتار بىلەن خوجايىن كاۋاپنىڭ سىڭىپ پىشقان، قارا يەرلىرىدىن تالLLاپ بىر، ئىككى پارچە يەپلا ئىشتىيى تۇتۇلغاندەك بولۇپ يېيىشتىن توختىدى. يېزا باشلىقى زورلاپ بېقىۋىدى

www.uyghurkitap.com


«تويدۇق» قا ئىشارە قىلدى. ئەمدى نۆۋەت توخۇ گۆشىگە كەلگەن ئىدى. يېزا باشلىقى چاندۇرماي ساموۋش مۇدىرغا كۆز قىسىپ ئۈلگۈردى. ساموۋش مۇدىرمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قازان بېشىدا قۇرۇق ئۇستىخاننى غاجىلاپ ئولتۇرغان سۈپېرەمنىڭ يېنىغا كەلدى.

- قېنى شاب بولۇڭ توخۇ گۆشىنى سۈزەيلى- دېدى مۇدىر ئاستا پىچىرلاپ. جىمبىلنىڭ ئېغىزى ئېچىلغان هامان هېچنىمگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان بىر خىل پۇراق هويلىنى بىر ئالدى.

تەڭلىگە سۈزۈلگەن توخۇ گۆشى تاستىخانغا قويۇلغاندا، ئىككى مېهماننىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. پۇرقىراپ چىقىۋاتقان هورغا قوشۇلۇپ تارقىلىۋاتقان بىر خىل پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ ئىشتەيلىرىنى غىدىقلىدىمۇ قانداق، سېكرېتارغا ياندىشىپ ئولتۇرغان ئەبگا خوجايىن كالپۇكلىرىنى يالاپ، ئېغىزىنى تامشىپ، تامىقىغا يىغىلغان سۇلارنى غۇرتتىدە يۇتىۋەتتى.

- پاھ، پاھ!! نىمانداق مزىلىك پۇراق بۇ، مۇشۇ توخۇ گۆشىنى قورساق تويغاندا ئېلىپ كەلگىچە، بالدۇرراق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشكەنتۇق ئەمەسمۇ؟- دېدى يېزا باشلىقى چاندۇرماي، لويلا پۇرىقىدىن سەسكىنىپ تۇرسىمۇ- هە قېنى سېكرېتار، گۆشكە باقلى، سۇۋۇپ قالمىسۇن.

- هەي پالاتى، باكسۇڭمۇ، يىسۇڭمۇ شۇ؟- قاچان تەكلىپ قىلاركى دەپ كۈتۈپ تۇرغاندەكلا چوڭ بىر پاچاقنى ئاجرىتىۋاتقان سېكرېتار چاخچاق قىلدى.

- هە يەيلى، يەيلى، بىز تارتىنماي يەيلى، ماۋۇ جۇمەخۇن باقسۇن، شۇنداقمۇ ساموۋش مۇدىر؟ هە قېنى-قېنى سىلەرمۇ كېلىڭلا- دېدى يېزا باشلىقى هىجاراپ.

ساموۋش مۇدىر «سەت تۇرمىسۇن» دەپ كۆڭلى تارتمىسىمۇ ئاغزىغا سالغان بىر پارچە لوقمىنى كۆڭۈلسىز چاينايتتى. ئىككى مېهمان بىر تەرەپتىن ئۆز-ئارا ئىملەرىندۇ دىيىشكەچ،يەنە بىر تەرەپتىن نەچچە كۈن چۆلدە يۈرۈپ ئوزۇقلۇقى ئۈكسۈپ قېلىپ، ئاران دىگەندە ئۆتەڭگە ئۇلاشقان يولۇچىدەك توخۇ گۆشىنى يالماپ يۇتىۋاتاتتى. كاللىسىدا «مانا قاراڭ بۇلارغا، تېخى هېلىلا باچكا، كاۋاپقا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇپ كەتكەندەك ئىشتىهاسىز ئولتۇراتتى، ئەجبا ئەمدى ئاچ قالغان بۆرىدەكلا تېگىش قىلدىيا؟» دىگەن ئوي لەيلەپ يۈرگەن ساموۋش مۇدىرنىڭ چېقىر كۆزى مېهمانغا تىكىلىپلا قالغان ئىدى.

- ياكاشى، بەك ياكاشى، يۇمشاكى پىشتى شۇ، كوكىتاتى تەمۇ، كۆكىتاتى پۇلاكى شۇ، مۇشۇ گۆشى ياكېشى، يېشلى گوشى، يېشلى ئاشى مانا شۇ!- سېكرېتارنىڭ قولىنى شۇمگەچ ماختاپ كېتىشلىرىدىن ساموۋش مۇدىر تېخىمۇ هەيران قالدى. ساموۋش مۇدىرلا ئەمەس، جۇمەنىڭ يۈرىكىمۇ بىر خىللا سوقۇپ كەتتى. يۈزىدە كۈلكە قېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ راستىنلا هاياجانلاندىمۇ، ياكى باشقىلارنى دوراپ كۈلۈۋاتامدۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ هەقىقەتەن هاياجانلانغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن نەرسىسىنى ئادەتتىكى بىر

www.kitaphumar.net

كىشى ئەمەس، چوڭ بىر يېزىنىڭ پۈتۈن سىرۇك سېكرېتارى ياقتۇرۇپ ئېغىز-ئېغىزىغا تەگمەي ماختىسا كىممۇ ھاياجانلانمايدۇ.

سېكرېتارنىڭ خوجايىن ئاغىنىسى ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسە كېرەك، بىر تەرەپتىن مالاچىلىتىپ گۆش يېگەچ، بىر تەرەپتىن ئۆز تىلىدا بىر نىمىلەرنى دەپ كالچاراپ ئولتۇراتتى.

خوجايىن ئاخىرقى بىر قاناتنىڭ ئۇستىخانلىرىنى غىرىسلىتىپ چايناپ، شورپىسىنى شۇمۇپ بولۇپ داستىخانغا تاشلىدى. ئاندىن سېكرېتارغا يۈزلىنىپ يەنە گەپ باشلىدى، سېكرېتارمۇ ئانچە-مۇنچە گەپ قىستۇرغاچ توختىماي باش لىڭشىتىپ تۇردى. سېكرېتار «قېنى ماۋۇلارغىمۇ دەپ بەرمەمسىز بىزنىڭ گېپىمىزنى» دېگەندەك نەزەردە يېزا باشلىقىغا قاراپ قويدى.

ــ ماڭا قاراڭلا «خوراز» ئامىتىڭلا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ جۇمۇ سىلىنىڭ، ماۋۇ لويلا تېتىيدىغان توخۇ گۆشۈڭلا خوجايىنغا بەكلا ياراپ كەتتى بولغاي، سېكرېتار ئىككىسى ماختاپلا كەتتى. «ئەسلى تەم، ئەسلى پۇراق، يېشىل مەھسۇلات» دەمدۇ، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ خىلدىكى «يېشىل يېمەكلىك» كەمدىن كەم تېپىلارمىش.ـ دېدى يېزا باشلىقى جۇمە، سامۇشلارغا چۈشەندۈرۈپ. جۇمە سۈس كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

جۇمە «خوراز» ئەزەلدىن «جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، ئويتېتىرلىقلاردەك ئۆزلىرى بۇغداي-قوناق بېرىپ باققان يەرلىك توخۇلىرىنى بوش ئوتتا پۇرۇقلىتىپ ئۇزۇن قاينىتىپ، شوۋىسىنىڭ قارامۇچ، ئاقمۇچ، زەنجىۋىللىرىنى ئوبدان تەڭشەپ، غولپىياز، نۇخۇت سېلىپ، ھېل-ھېل پىشۇرۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ئويلايتتى. شەھەرلىكلەرنىمۇ خۇددى ئويتېتىرلىقلاردەك « ئۆزلىرى بۇغداي-قوناق بېرىپ باققان توخۇلىرىنى ئۆزلىرى قاينىتىپ، قارامۇچ، ئاقمۇچ، زەنجىۋىللىرىنى تەڭشەپ، غولپىياز، نۇخۇت سېلىپ، ھېل-ھېل پىشۇرۇپ،يوغان تەڭلىلەرگە سۈزۈپ، ھوزۇرلۇنۇپ يەۋاتقان» ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇنداق لويلا پۇراپ تۇرىدىغان توخۇ گۆشى بىلەن شۇنچە لاۋزا شورپىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغان ئىدى. خىيالىغا كەلتۈرەي دەپمۇ كەلتۈرەلمەيتتى. «يېشىل پەيلىك توخۇ شورپىسى» نىڭ بۇنداق غەلىتە تەمدە بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. بىلىپ باقاي دەپمۇ خىيال قىلمىغان ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا شۇ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ، نەپسىنى ناغرا چالدۇرىدىغان ئاشۇ بىر خىللا مەزىلىك تەم ....

خوجايىننىڭ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك يېيىشتىن توختىدى. لېكىن كۆزى پات-پاتلا تەڭنىدىكى قالدى-قاتتى گۆش ئۇۋاقلىرىغا تاشلىنىپ قالاتتى. تەڭنىدە ئېغىزغا چىققىدەك بىرەر پارچىمۇ لوقما قالمىغان ئىدى. خوجايىن ئەمدى جۇمەگە يۈزلىنىپ، بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ بىر نىمىلەرنى دەپ كالدىرلىدى. جۇمە كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىنى كونا تامنىڭ كامىرىدەك ئاچقىنىچە قاراپ تۇراتتى. خوجايىن سۆزلىگەچ يېزا باشلىقىغا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىدىن «گېپىمنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ» دېگەندەك مەنانى ھېس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

www.kitaphumar.net

قىلدى يېزا باشلىقى.

ـ مانا، مانا بايا مەن دېمەكچى بولغان جۇمەخۇن، بۇ خوجايىننىڭ كۆزى سېلىنىڭ توخۇغا چۈشۈپتۇ ئەينا. ئاڭلىدىڭلىمۇ ئۇ «گۆشى مۇشۇنداق ئۆزگىچە تەملىك، يۇمشاق پىشىدىغان توخۇدىن قانچىلىك بار؟» دەپ سوراۋاتىدۇ- تەرجىمە قىلدى يېزا باشلىقى جۇمەگە قاراپ.

ـ ئۈچ مىڭدەك باردۇ، تۆت مىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەن يا بىرمۇ-بىر تۇتۇپ ساناپ كۆرمىسەم- دېدى جۇمە بېشىنى تاتلاپ.

يېزا باشلىقى ئارلىقتا بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

ـ «توخۇلار بەك بەلەن بېقىلىپتۇ، ئەلا سۈپەتلىك «يېشىل سورت» يېتىشتۈرۈپسىلە مانا، گۆشى ئۆز تەم، ئۆز پۇراق ھەم شۇنچىلىك يۇمشاق، پات يېقىندا بازار تېپىپ، شەھەرگە يۈزلىنىدىغان بولسا مېنىڭچە تۆت مىڭ توخۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن، تۆت مىڭ بەكلا ئازلىق قىلىدۇ، كۆپرەك بېقىپ مۇشۇ خىل «يېشىل سورت» نى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك، شەخسەن مەن بۇ خىل توخۇنىڭ گۆشىنىڭ بازىرىنى كەڭ ئېچىپ، شەھەر، ھەتتا ۋىلايەتكە يۈزلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمەن» دەيدۇ- دېدى يېزا باشلىقى خوجايىننىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ.

ـ سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەن بىر قارا تۇرۇك ئادەم، بۇ توخۇلارنى مەن قانداقتۇ بىرەر پەن-تېخنىكىغا، ياكى ئالاھىدە يەم-خەشەككە تايىنىپ بېقىپ يېتىشتۈرمىدىم، ئوت-چۆپ، قۇرت-قوڭغۇز تېرىپ يەپ ئۆزىچىلا مۇشۇنداق چوڭ بوپ قالدى دىسە- جۇمە خوجايىننىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋەتتى- بوپتۇ توخۇلار خوجايىنغا يارىغان بولسا، قانچىلىك لازىم دىسە شۇنچىلىك بېرەي.

راست، جۇمە «ئۇنداق ئەلا سورت، مۇنداق تېخنىكىلىق يېتىشتۈرۈش، ئۆز تەم، ئۆز پۇراق ... » دېگەندەك گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، تېگىگە يېتىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن توخۇ قىممەترەك سېتىلسا، كۆپرەك سېتىلسا، توخۇنىڭ جاپاسىدىن پاتراق قۇتۇلسا شۇ كۇپايە ئىدى.

جاڭ خوجايىن جۇمەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل ھەيران بولدى، ئۇ توخۇنىڭ مۇشۇنداق تەبىئىلا «يېشىل پەيلىك، گۆشى ئوت-چۆپ، كۆكتات تەملىك، پۇرىقىمۇ ئۆزگىچە» بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇنى چوقۇم پەن-تېخنىكىلىق بېقىپ يېتىشتۈرگەن دەپ قارايتتى. ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ نىمىنىدۇ خىيالىي ھېساپلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە يېزا باشلىقىغا قاراپ بىر نىمىلەرنى دەپ كالدىرلىدى.

ـ ھە جۇمەخۇن، بىزگىمۇ سۆيۈپچە باردۇ ئەمدى؟ خوجايىن دەيدۇ، «بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمەن تېپۇسىدا ئىككى مىڭ توخۇ زاكاز قىلىپ قوياي، ئاپىرىپ شەھەرلىكلەرگە دام-دام قىلىپ تېتىتىپ كۆرەي، مېنىڭچە شەھەرلىكلەر چوقۇم ياقتۇرۇپ يەيدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ بۇ

ئالاھىدە سورتلۇق توخۇ گۆشىنى ئاستا-ئاستا شەھەر-ۋىلايەتكە يۆزلەندۈرەيلى. ھازىرچە بىر توخۇنىڭ باھاسى 20 كويدىن بولۇپ تۇرسۇن، مۇشۇنداق بولسا گۆش توخۇسىنىڭ باھاسىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولغان بولىدۇ، ناۋادا بازىرى چىقىپ قالسا، كېيىن ئۆستۈرۈپ ئالىمەن. شۇنداق قىلساق بولامۇ؟» دەيدۇ، قېنى سىلىمۇ بىر نەرسە دىمەمسىلە- دېدى يېزا باشلىقى تەرجىمە قىلىپ. جۇمە دەماللىققا بىر نىمە دىيەلمەي قالدى. ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ، بارماقلىرىنى نەچچە رەت ئېچىپ، نەچچە رەت پۈكلەپمۇ بىر توخۇنى 20 كويدىن ساتسا، ئىككى مىڭ توخۇ قانچە پۇل بولىدىغانلىقىنى خيالىدا ھېساپلاپ بولالمايۋاتاتتى. ئىككى، ئۈچ يۈزگىچە ئوڭلاپ سانىيالمىغان ئادەم «قىرىق مىڭ» دىگەن سانىنى دىيەلەيتتىمۇ.

- خوجايىن شۇنداق دىگەن بولسا شۇنداق بولسۇن، باشلىقنىڭ ئاغىنىسى تۇرسا مەن يەنە نىمە دەيمەن، سوراپ باقسىلا يېزا باشلىقى، جاڭ خوجايىن توخۇنى قاچان ئېلىپ كېتىدىكەن؟- دېدى ھېساپنى باشقا ئېلىپ چىقالماي بېشى قاتقان جۇمە ئاخىرى «نىمە بولسا بولمامدۇ» دىگەندەك تەۋەككۇل قىلىپ. ئۇ شۇنداقلا قىلالايتتى، شۇنداق قىلسىلا توغرا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۆزى ھېس قىلالمايتتى.

ـ ئىككى مىڭ توخۇنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېلىپ كەتمەيدىكەن، سىلە ھەر كۈنى ئەتتىگەندە 50 توخۇنى بوغۇزلاپ، پەيلىرىنى يۇڭۇزلاپ، يۇيۇپ-تازىلاپ تەييار قىلىپ تۇرىدىكەنسىلەر، خوجايىننىڭ مەخسۇس ئادەملىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن، پۇلنى ئىككىگە بۆلۈپ ھېساپلاپ بېرىدىكەن، 40 مىڭ كوي دىگەن ئاز گەپ ئەمەس-تە!- دېدى يېزا باشلىقى خوجايىننىڭ دىگەنلىرىنى قايتىلاپ. جۇمە «خوراز» نىڭ ئېغىزى كامارىدەكلا ئېچىلىپ قالدى. «40 مىڭ كوي... 40 مىڭ كوي بىلەن بىر تاغار توشامدىغاندۇ؟ 40 مىڭ كوي، 40 مىڭ كوي ...» دىگىنىچە پىچىرلايتتى ئۇ ئېچىدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خۇشاللىقمۇ، ئەنسىرەشكىمۇ ئوخشىمايدىغان غەيرىلا بىر ۋەسۋەسە مەۋج ئۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە مۇشۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدا بىر خىل سەممىي كۈلكە قېتىپ قالغان ئىدى.

ئاشۇ كۈندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھەر كۈنى ئەتتىگەندە جۇمە «خوراز» نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر ماشىنا پەيدا بولىدىغان بولدى.

دەسلەپكى كۈنلىرى جۇمە «خوراز»، باش توخۇ بىلەن قوپۇپ، جاڭ خوجايىن بىلەن كېلىشكىنى بويىچە توخۇنىڭ سېمىزلىرىدىن تاللاپ ئەللىكنى بوغۇزلاپ، قايناقسۇغا بېسىپ پەيلىرىنى يۇڭۇزلاپ، يۇمران پەيلەرنى ئوت يالقۇنىدا ئۆكلەپ، ئىچ باغرىنى ئېلىپ، كۆن چىقماستىن بۇرۇنلا پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ قازانغا سالغۇدەكلا قىلىپ تەييارلاپ قويىدى. كېيىنچە خوجايىننىڭ دىگىنى بويىچە ئاتمىشنى، يەتمىشنى، ھەتتا 130 قىچە تەييارلاپ قويىدىغان بولدى.

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.net

مۇشۇ كۈنلەردە توخۇ سودىغا شاھىت بولغان سامۇش مۇدىر، سادىقلارنىڭ كۆزىدىن ھېسداشلىققىمۇ، ھەسەتكىمۇ ئوخشمايدىغان، ئەمما قەھرىتان قشنىڭ سوغىقىدەك بىلىنىدىغان كۆكۈچ نۇر چاچراۋاتاتتى. سامۇش ھەر كۈنى ئەتىگىنى جۇمە «خوراز» نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان ماشىنىنى كۆرگىنىدە، ئاچ قورساققا مۈچ يېگەنىدەك تولغىنىپ كېتەتتى. ئىچى ئېچىشىپ پىژىلدىغاندەك بولاتتى. كۆڭلىدە «ماۋۇ بىزنىڭ يارىماسلار مۇشۇ پىتلىقچىلىك كېرەككە كەلمەي چۈجىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قاراپ ئولتادى دېسە» دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىگە «ئوك كۆزى» دە قارىمىغان تەقدىرنى مىڭنى قارغىدى.

ئېرىنىڭ يانچۇقىغا لوخ-لوخ كىرىۋاتقان «قىزىل قۇلاق» نى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولۇپ كەتكەن سۇپىرەمخانمۇ تۇتقان-قويغىنىنى بىلەلمەيلا قالدى.

* * * * * * * * * * * * * * * * *

جاك خوجايىن «يېشىل پەيلىك توخۇ گۆشى شورپىسى» ھەققىدە تېلېۋىزوردا كېلىشتۈرۈپ بىر ئېلان بېرىۋىدى تاماقخانىسى باشقىدىن ئاۋاتلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ «يېشىل پەيلىك توخۇ گۆشى شورپىسى» نىڭ بازىرى چاپ-چاپ بولۇپ، مۇلازىملار يېتىشەلمەيلا قالدى. نە-نەلەردىن ئاڭلاپ كەلگەن ئەمەلدار، خوجايىنلار «يېشىل پەيلىك توخۇ گۆشى شورپىسى» نى ئېغىزلىرىنى تامشىپ، كالپۇكلىرىنى يالاپ، ئېغىزى ئېغىزىغا تەگمەي داڭلىشىپ كېتەتتى. «يېشىل پەيلىك توخۇ گۆشى شورپىسى» باشقىلار قاتارىدا رادىيو-تېلېۋىزور، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مۇخبىر، ئوپېراتورلىرىنىمۇ جەلب قىلغان ئىدى. شورپىنىڭ ئۆزگىچە تەمى ئاخىرى ئۇلارنى تاماقخانىدىن سۆرەپ چىقىپ، «توخۇ كاتىگى» گىچە باشلاپ باردى. ئۇلار ئويتېپتىرىغا- جۇمە «خوراز» نىڭ توخۇخانىسىغا نەچچە قېتىم كەلدى. ھەر كەلگەنىدە يېزا-كەنت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ جۇمە «خوراز» ئائىلىسىدىكىلەرگىچە ھەممىنى ئالدىرىتىپ، تەمترىتىپ قوياتتى. مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغداي مايسىسىنى ئەسلىتىدىغان «يېشىل پەيلىك توخۇ» لار مۇخبىرلارنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇ ھەققىدىكى خەۋەر-ماقالىلەر بىر مەزگىل ئاخبارات قىزىق نوقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال تاماقخانىنىڭ ئاۋاتلىششىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جاك خوجايىنغا قوشلاپ ئامەت ئېلىپ كەلدى.

جاك خوجايىن ما سېكرىتاردىن بەكلا مەمنۇن ئىدى. تۇرۇپلا ئاسماندىن تىللا ياغقانىدەك تەلىيىنىڭ شۇنچىلىك ئوك كېلىشىنى «سېكرىتارنىڭ ياردىمىدىن بولدى» دەپ بىلەتتى. بۇ تەلەي جاك خوجايىنغىلا ئەمەس نەچچە يىلدىن بېرى چاپىنى تىزىدىن ئاشماي سىرىقتال تۇرمۇشتا ياشاپ كەلگەن جۇمە «خوراز» ئائىلىسىگىمۇ ئامەت ئېلىپ كەلدى. جۇمە «خوراز» جاك خوجايىندىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ «ئامەت قۇشى جاك خوجايىننىڭ راپائىتىدىن بېشىمغا قوندى»

www.kitaphumar.net

دەپ بىلەتتى. لېكىن، ھەقىقى ئامەت ئاتا قىلغىنى ما سېكرېتارمۇ ياكى جاڭ خوجايىنمۇ ۋە ياكى جۇمە «خوراز» ئۆزىمۇ، بۇنى ئۇ ئويلاپ ئولتۇرمايتتى، ئويلاپمۇ يېتەلمەيتتى. ئاشۇلارنىڭ ئامىتى ئۇچۇن جېنىنى قۇربان قىلىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان «يېشىل پەيلىك توخۇ» ئۇلارنىڭ ئېسىگە ئەسلا كېلىپ قويمايتتى.

ئۇلارغا «ئامەت» نىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكى، يېزا باشلىقى پەرھات بىلەن سامۇش مۇدىرغا چۈچەكتىكى قېتىقتەكلا ئايان ئىدى. بۇ خىل «ئامەت» ئاخىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگىمۇ ئۆچۈرۈپ بولماس بىر كۆچلۈك ئوتنى يېقىۋەتكەن ئىدى. «يېشىل پەيلىك توخۇ» ئۇلارغا، ئۇلارغىلا ئەمەس پۈتكۈل كەنتتىكىلەرگە «ئامەت يولى» نى ئېچىپ بەرگەندەك تۇيۇلدى. ئىلگىرى ئېغىزىدىن ئۇچۇق چىقىرالمىسىمۇ كۆڭلىدە «بۇ يېزىدىكى ھەممە ئادەم ئەلمىساقتىن يەر تېرىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ جېنىنى جان ئېتىپ كەلگەن، بۇنىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق يەر تېرىپ، ئاشلىق ئىشلەپ چىقارسىلا ئاچ قالمايدۇ» دەپ ئويلايدىغان يېزا باشلىقىغا، ئەمدىلىكتە «ھەممە ئادەم يەر تېرىشقىلا ئېسىلۋالماي ‹يېشىل پەيلىك توخۇ› باقسىمۇ بولىدىكەنغۇ» دىگەن تۇيغۇ پەيدا بولغان ئىدى.

نەچچە كۈنلۈك زىددىيەتلىك خىياللاردىن كېيىن يېزا باشلىقى ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى ما سېكرېتار بىلەن ئورتاقلىشىپ، پىكىر بىرلىكىگە كەلگەندىن كېيىن، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزدى. يىغىندىن كېيىن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، «ئويتېتىر كەنتىنى ‹يېشىل پەيلىك توخۇ› يېتىشتۈرۈش دېھقانلار ھەمكارلىق پېرمىسى قۇرۇشنى سىناق نوقتىسى قىلىش» ھەققىدە دەرھال ناھىيىگە دوكلات يېزىشنى كاتىپقا ئورۇنلاشتۇردى. يېزىلىق كارخانا، ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقىغا «دېھقانلار ھەمكارلىق پېرمىسى» قۇرۇشنىڭ كونكرېتنى بىر «لاھىيە» سىنى تۈزۈپ چىقىشنى، «لاھىيە» دە چوقۇم كارخانىنىڭ خارەكتېرى، قۇرۇلمىسى، شەكلى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ... قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈشنى، پىكىرنىڭ جانلىق، ئەمىلىيەتچىل بولىشى لازىملىقىنى تاپىلىدى.

* * * * * * * * * * * * * * * * *

جۇمە «خوراز» نىڭ توخۇلىرىنىڭ خېرىدارى كۆپەيگەنچە باھاسىمۇ ئۆسۈپ باردى. باھاسى ئۆرە بولسىمۇ ئالارمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. چەندازىسىمۇ بوغاز پاقىنىڭ قورسىقىدەك تومپايدى. «خوراز» بۇنىڭدىن بەك خۇش. ئىلگىرى «بۇ ناكەسلەر تېزراق سېتىلىپ تۈگىسە، جاپاسىدىن پاتراق قۇتۇلسام» دەپ ئويلايدىغان جۇمە «خوراز» ئەمدىلىكتە «توخۇلار تۈگەپ كەتمىسە، يۈز، ئىككى يۈزدىن ئايىنىپ تۇرسا، سېتىپ تۇرسام، چەندازام توم تۇرسا» دەپ خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بىر خىياللا ئىدى خالاس. توخۇلارنىڭ خورازلىرى ۋە سېمىز

مىكيانلىرى تۆكەپ، سەل ئۇرۇق، تۇغۇشقا باشلىغان مېكيانلىرىدىن يۈز، يۈز ئەللىكتەك قالغان ئىدى. جۇمە «خوراز» نىڭ كاللىسىغا غەم چۈشتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە بەش، ئالتە مىڭ چۈجە سېتىۋېلىپ باقايمۇ ياكى مېكيانلارنىڭ تۇغقان تۇخۇمىنى يەپ، ئاشقىنىنى سېتىپ خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ، سىڭگەن نانىنى يەپ بولدى قىلايمۇ؟» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي خوتۇنىدىن سوراپ باقماقچى بولدى. ئۇ خوتۇنىنى ئۆزىدىن ئىبقىللىقراقتەك ھېس قىلاتتى.

- قانداق قىلىمىز خوتۇن؟- دېدى «خوراز» ئوچاقنىڭ بۇزۇلغان يېرىگە سامانلىق شور لاي چاپلاۋاتقان سۈپىرەمنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ.

- ھوي، نىمىنى قانداق قىلىمىز؟ تۆلۈمدىن توقماق چىققاندەكلا گەپ قىلىسىلىنا؟ قانداق قىلاتتۇق، مۇشۇنداق بۇزۇلغان يەرلىرىگە شور چاپلاپ ئوڭشاپ نان ياقمىز ئوچاق دىگەنگە- سۈپىرەم قولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كومۇلاچ لاينى چاپلىۋېتىپ، موخۇركا ئوراپ تۇرغان «خوراز» غا يۈزلەندى.

- ھەي، «نەگە بارىلا دىسە دۇمبەمدىكى بەش تاۋۇز» دىگەندەك گەپ قىلماي گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلا، ئاۋۇ «تىللا تۇغىدىغان توخۇ» لىرىمىز تۆگەي دەپ قالدى. تازا چاپ-چاپ سودا بولۇۋاتقاندا تۆگەپ كەتسە قانداق بولىدۇ. يەنە بەش، ئالتە مىڭ چۈجە ئېلىپ باقايلىمىكىن دەيمەن.

- ھەي، ماڭا قاراڭلا، سىلە ئاۋال دىككىدە كەنت كومىتىتى ئىشخانىسىغا بېرىپ سامۇش مۇدىرغا دەپ بېقىڭلا، ئۆتكەنكىدەك كەنتتىن ئېلىپ كېلىپ ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدىغان ئىش بولسا يەنە يەتتە، سەككىز مىڭنى بېقىپ كۆرۈپ باقايلى، لېكىن، ئۆزىمىزنىڭ پۇلىغا ئېلىپ باقىدىغان ئىشنى قىلمايلى. ئاران يىغقان پۇلىمىز كۆككە سورۇلۇپ كەتسە بولمايدۇ جۇمۇ.

«كۆككە سورۇلۇپ كەتسە» دىگەن گەپ جۇمە «خوراز» غا خۇددى بىرسى بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ، مېڭىسىدىن تۆتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇتتەك قىزغىنلىقى يامغۇردا ئۆچكەن گۈلخاندەك بىردەمدىلا سوۋۇپ كەتتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى سوغا چىلانغان ئۆچكە تېرىسىدەك بوشۇشۇپ، جايىغا لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا ئىككى يىل ئىلگىرىكى نەچچە مىڭ چۈجىنىڭ ئۆلۈكى لەيلەپ يۈرەتتى.

- نىمە بولدى بىردەمدە؟ كېسەل تەگكەن توخۇدەك شۈمشىيىپلا كەتتىڭلىنا؟- سۈپىرەپ ئەجەپلىنىپ قالدى.

- بوپتۇ، چۈجە باقمىساق باقمايلى- دېدى جۇمە كەسكىنلا- مۇدىرنىڭ يېنىغىمۇ بارمايلا قوياي.

جۇمە «خوراز» نىڭ «سۈنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئىشتان سالغانلىقى» دىن سۈپىرەم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ خۇشال بولغانلىقىمۇ ياكى نارازى بولغانلىقىمۇ ئۆزىمۇ ئېنىق ھېس

www.kitaphumar.net

قىلالمىدى.

ـ بوپتۇ بارماڭلا، بەك بولمىسا تۇغۇۋاتقان مىكيانىلار كۈرۈك بولسا ئۇن ئىككى، ئۇن ئۈچتىن تۇخۇم باسۇرۇپ بەرسەك، بىرسى ئاز دىگەندە ئوندىن چۈجە چىقارسىمۇ ئۇنى يۈزنى، يۈزى مىڭنى چىقىرىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇلارنى باقساقمۇ بىر ئىش بوپ قالىدۇ. ـ دېدى سۈپىرەم ئەڭ ياخشى چارە تاپقاندەك.

ـ بارىكاللا خوتۇن، بۇ ئەقىل ئەجەپ بۇرۇنراق كەلمەپتۇ ساڭا، شۇنداق قىلايلى، شۇنداق قىلساق نىمىشقا بولمىغۇدەك، ئۇ چاغدا مۇدىرمۇ، مەھەللىدىكى ئىچى يامان قۇسۇرچىلارمۇ، ئىش قىلىپ ھېچكىممۇ «بىكارغا بەرگەن چۈجىنى سېتىپ، تەييارغا ھەييار بولدى» دىيەلمەيدۇ ـ دېدى «خوراز» باشقىدىن جاللىنىپ.

5

ئۈژمىلىك مەھەللىسى ئويتېتىر كەنتىنىڭ ئەڭ ئايىغىغا جايلاشقان يېگى بىنا قىلىنغان مەھەللە. ئادەملىرىمۇ ئۇ مەھەللە، بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىققانلار خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. شۇ مەھەللىلىك تۇدىلەك «موخۇر» بىلەن جۈمە «خوراز» خېلى ئىلگىرىلا ئۈلپەتداش توخۇۋازلاردىن بولغاچقا، باردى كەلدىسىمۇ قويۇق ئىدى.

تۇدىلەك «موخور» نەگىدۇر بارماقچى بولۇپ، قاچانلاردا ياسىلىپ مۇشۇ ھويلىغا ئورنىتىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان قاغجاراپ كەتكەن شادا دەرۋازىنىڭ يېنىغا بېرىپىراق، نىمىشقىدۇ ئارقىسىغا يېنىپ لاي سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ تۆنۈگۈن كەنت كومتېت ئىشخانىسىدىن موخۇركا ئوراپ چېكىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ چىقىپ كېسىپ مايدىلاپ، جاپاسىز موخوركا ئورىغىدەك ئەپچىل قىلىپ تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن، پاشايۋان لىمىغا يۆلىنىپ زوڭزايدى. بەشلىك ئارىدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ گېزىتنى قاتلاشقا باشلىدى. ئۇ گېزىتنى ئاۋۋال چوڭ بىر قاتلاپ ئارقا يۈزىنى ئۆرىۋىدى، چاشقاننىڭكىدەك دوپ ـ دوملاق قارا كۆزى گېزىت يۈزىدىكى تونۇشتەكلا بىلىنگەن بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ گېزىتنى قايتىدىن كەڭرى ئاچتى. كۆزلىرىنى يىرتىپ دىگۈدەك چوڭراق ئېچىپ، سۈرەتكە قايتىلاتتىن مىختەك قادالدى. «ئەجەپ قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكىنا جۈمە ‹خوراز› غا، شۇمىدۇ يا؟» دەپ غۇدۇرىدى ئۆز ـ ئۆزىگە. توپا ـ تۇماندىن كىرلەشكەن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆزىنى كۈچەپ ئۇۋۇلاپ يەنە بىر قېتىم سەگەرەپ قارىدى. «كۆزۈم خاتا كۆرمىگەنلا بولسا چۇقۇم شۇ جۈمە ‹خوراز› نىڭ سۈرىتىكەن. نەلەردە يۈرۈپ، قاچانلاردا گېزىتقا چىقىۋالدىكىنە بۇ توخۇ سارىڭى، كۆزۈم خاتا كۆرۈپ قالدىمۇ يا؟ توختا تۇرغۇنتايىنى چاقىراي، خەتلىرىنى ئوقۇپ باقسۇن». تۇدىلەك ئەبگا بەدىنىدىن بىر كىم تارتىپ،

www.kitaphumar.net

سوزۇپ چىقىرىپ قويغاندەكلا بىلىنىدىغان ئىنچىكە بوينىنى جۇپىسىرەۋاتقان غازدەك سوزۇپ ئوغلىنى چاقىردى:

- تۇرغۇنتاي! هاي تۇرغۇن!

گەرچە ئۇنىڭ بەستى گويا يۇپۇرماقلىرى سويۇلغان قوناق شېخىدەك شۇنچىلىك ئەبگا بولسىمۇ، ئەمما ئاۋازى خېلى «سېمىز» ئىدى.

- هە، مانا، مانا ... نىمانداق قارا بېسىپ جۆيلىگەندەكلا ئۇندەرەيسەن ئاتا ـ دېدى ئۆي ئىچىدىن شامالدەكلا يۈگرەپ چىققان ئوغلى جىددىيلىشىپ. ئادەمنى ئەجەپ قورقاتتىڭ، تېخى سېنى كەپتەر ئۇچۇرۇپ ئاسمان باقتىلىق قىلىپ، يەنە چەلگىدىن ساڭگىلاپ قالغان چېغى دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن. ماڭا قارا ئاتا، بۇندىن كېيىن كەپتەرلەرنىڭ دان، سۇيىنى مەن بېرەي، سەن ئۆگزىگە چىقىپ يۈرمە بولامدۇ؟

- خى، خى، خىھ ... سەن تېخى ماڭا ئىش ئۆگىتىۋاتامسەن؟ ماقۇل بالام، ماقۇل، سەن ئەۋۋال ماۋۇ گېزىتكە قارا، مۇنۇ سۈرەتنىڭ ئاستىدىكى خېتىنى ئوقۇپ باققىنا سۈرەتتىكى كىمكەن زادى.

ئوغۇل گېزىتنى قولىغا ئېلىپ سۈرەتكە قادالدى. هەيرانلىقتىن كۆزلىرى چىمچىقلاپ، ئېغىزى قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىلىپ قالدى.

- پاھ! بۇ جۈرئەت «جورجى» نىڭ ئاتىسى «چار خوراز» تاغامكەنغۇ ـ دەۋەتتى ئۇ گېزىتنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ كېتىپ، ئاندىن سۈرەت ئاستىدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى ـ «ك ناهىيە قىسلتاغ يېزا ئويتېتىر كەنت كومىتتى سازلىق يار مەهەللىسىدىكى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ«يېشىل پەيلىك توخۇ» باقمىچىلىقى بىلەن شوغۇللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، بېيىش ئۈلگىسى، يېڭى باي جۇمە جارۇپ، دېهقانلار ئارىسىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋي يەرلىك توخۇ بېقىش ئۇسۇلى بىلەن پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، زامانىۋي ئۇسۇللاردا توخۇ بېقىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، توك چۈجە سورتىنى ئالى دەرىجىلىك ‹يېشىل پەيلىك توخۇ› سورتىغا ئۆزگەرتىپ ...»

- بولدى بالام ئوقىما، دىمەك ئۇ راستىنلا سازلىقيار مەهەللىسىدىكى جۇمە «خوراز» كەندە؟ بىراق، ئۇ مەندىنمۇ ئۆتە دۆت، تۇغما قارا تۈرۈك، يالاڭ پاچاق لەيلىبوش تۇرسا، قانداقلارچە نەچچە ئاي ئىچىدىلا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ئۆگۈنۈپ توخۇ سورتىنى ئۆزگەرتكەندۇ ـ هە؟ «يېشىل پەيلىك توخۇ» دىگىنى قانداق توخۇ بولغىدى ئەمدى؟ تۇخۇمنىغۇ هەر خىل رەڭدە بوياپ ساتقاننى كۆرگەن، لېكىن ... هوي ئۇ ساراڭ يا توخۇنىمۇ ...؟

بۇ ئىشقا تۇدىلەك «موخۇر»نىڭ زادىلا ئەقلى يەتمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى هەيرانلىقى يۈزىگە تېپىپ چىقىپ، غەيرى بىر خىل كۈلكىدىن، يېشىغا باقمايلا ۋاقىتسىز بوشاشقان يۈز تېرىلىرى، ئەسكى ئۆتۈكنىڭ قونجىدەك تېخىمۇ سەت پۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ گېزىتنى مايدىلاشتىن

www.kitaphumar.net

يالتىيىپ، ئاۋايلاپ قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى-دە، خۇددى يەرنىڭ بىر يەرلىرى ئويۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئۇدۇل سازلىقيارغا - جۇمە «خوراز» نىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ «ئالاھىدە» خەۋەردىن باشقا يېقىن-يىراقلىرىنىمۇ خەۋەردار قىلىشنى ئويلاپ، بىرقانچىسىنىڭ ئىشىكىگە دوقۇردى. بۇ «ئالاھىدە» خەۋەردىن بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا خەۋەردار ئېدى. « دىمەك، مەن خوراز سوقۇشتۇرۇش، كەپتەر ئۇچۇرۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ۋەزىيەتتىن خېلىلا كېيىن قاپتىمەن-دە؟» ئويلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

- چولپان، چولپان! توخۇ چولپىنى، ئەجەپ بىخەۋەر يۈرۈپتىمىزا بۇنداق كارامەتلىرىڭنىڭ بارلىقىدىن، مۇبارەك بولسۇن، چولپان!- تۇدىلەك «موخور» مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك قوپال ئاڭلىنىدىغان بوم-بوم ئاۋازدا سۆزلىگەچ، بىر قولىدا ھېلىقى گېزىتنى پۇلاڭلاتقىنىچە جۇمە «خوراز» نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى.- پاھھوي، مانا قاراڭلار بۇ توخۇپۇرۇچلارنى سىلەرمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىلەغۇ، خۇددى مېھمانغا چاقىرغاندەك، يا ماۋۇ جۇمە ئاداش «شەمبە بازار» دا سوقۇشتۇرۇپ يېڭىۋالغان پاخشە خورازدىن بىرنى سويۇپ قورداق قىلماقچى بولىۋاتامدۇ-يا؟

تۇدىلەك «موخور» قولىدىكى جۇمەنىڭ سۈرىتى بار گېزىتنى ئۇدۇل كەلگەن بىرسىگە بېرىۋېتىپ، ئاۋال جۇمە بىلەن، ئاندىن جۈپتى ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە بوينىنى سوزۇپ قاراۋاتقان ياۋا غازدەك، توخۇخانىغا ھەۋەسلىنىپ قارىشىۋاتقان خوشنا-خولۇم، ھەمساۋاقلىرى بىلەن بىرمۇ-بىر قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ھەممەيلەننىڭ يۈزىدە بوۋىسىدىن ھېيتلىق ئالغان باللارنىڭكىدەك بىر خىل كۈلكە يامراپ تۇراتتى.

- قارا سېنى؟ بىزلەردەك دوست-ئاداشلىرىڭغىمۇ ئۇختۇرماي غىمىسسىدە شۇنچە چوڭ توخۇخانا سېلىۋاپسەندە ئاداش، ئەلۋەتتە كىرەك بۇرۇنراق ئۇققان بولساق قولمۇ-قول «ھە، ھۇ» دېيىشىپ بېرەتتۇق-تە.- تۇدىلەك «موخۇر» بىر قاراشتا قوپۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان خىش تامغا يانداپ، ھايۋانات باغچىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى سولايدىغان قەپەسىدەك پۇختا ئورنىتىلغان تۆمۈر جازىلىق توخۇ قۇملىرىغا بىر خىل ھەۋەس، قىزىقىش بىلەن قارىغىنىچە ئېغىز-ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى.- پاھ، پاھ! قارىغاندا «شاپتۇل چېچەكى» دىنىمۇ خېلى ئايىماي خەجلىگەن چېغىڭ، ھوي ئاداش، خۇدا ئۇرغان بىرەر موكموكنى تېپىپ بىر كېچىدىلا ئۇتىۋالمىغانسىلە-ھە؟

- نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن «موخور»، سەن نەدە؟ جۇمە نەدە؟ بۇنچە جىق ئىشلارنى نەدىمۇ مۇۋۇ دودىن چىققان لايغەزەل «خوراز» ئۆزى قىلالىسۇن ، يەنە شۇ خۇدايىم بەرگەن خەلق ئىشلار ئىدارىسى مەغلەغ چىقىرىپ، كەنتتىكىلەر ئادەم تەشكىللەپ ئورتاق كۈچ چىقىرىپ تەييار قىلىپ بەرگەن گەپ.- دېدى ئاۋۇت «شاڭخو» «قانداق دېدىم؟» دىگەندەك ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ.

- شۇنداقمۇ؟ مۇشۇنداق موتتىن كەلگەچكىلا «چىشىنى چاقمىغان چوقا» دەك ھېجاراپ

www.kitaphumar.net

كەتكەن بايقۇشكەندە بۇ، بىرەر غايىپ خەزىنىگە ئۇچراپ قالغان چېغى دەپ ئويلىغانكەنمەن تېخى.

- بولدى قىلساڭلارچۇ ئاق قۇشقاچتەك جاۋۇلداشماي، ئەسلىدە مەنمۇ توخۇخانا ياساپ بېرىڭلا دەپ تەلەپمۇ قىلمىغان، شۇ توخۇ چۈجىسىنى ھېلىقى «مىنىبىڭجۇ» مۇ ياكى «شىڭجىڭجۇ» مۇ ئىشقىلىپ بىرنىمە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىسمى نىمىدى خۇدايىم؟ ھە، شۇ ئىدارىدىكىلەر ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، سامۇش مۇدىرمۇ كۆپ ئىلتىپات قىلدى. ئۇ يەنە شۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ مەبلەغ ھەل قىلغان چېغى. بىر كۈنى ئاپتاپسىنغاچ چۈجىلىرىم بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز كۈچلۈك بوران چىققاندەك گۈركىرىگىنىچە ئىككى، ئۈچ ماشىنا دەرۋازىمىز ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ھېچنىمىنى ئۇقمايلا قالدىم، نىمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە گۈلدۈر-غالاپلا قۇم-شېغىل، سېمۇنۇت، خىشلارنى قورا تام تەرەپكە ياڭزاپ تۆكۈۋېتىپ كەتتى. ئەتىسى سامۇش مۇدىر كەنتتىكى ياشلارنى تەشكىللەپ قولمۇ-قول تۇتۇپ، ئىككى كۈندىلا تەييارلاپ بەردى. ئۆزۈمچە ھاڭ-تاڭلا قاپتىمەن،- جۈمە «خوراز» يادلىۋالغاندەكلا سۆزلەپ كەتتى.

- ھەي دەلتە گاچا! بايا نىمە دېدىڭ؟ «مىنىبىڭجۇ» دېدىڭما؟ قارا ما گاچىنى «مىنىبىڭجۇ» ئەمەس، «مىنجېڭجۇ»- خەلق ئىشلار ئىدارىسى دىمەمسەن مۇنداق،- دېدى ئاۋۇت «شاڭخو» كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ.

- ھە شۇ، «خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبىرىم غىڭ قىلالماپتۇ» دىگەندەك بەرسە مانا مۇشۇنداق بېرىدىغان گەپكەن، ئۇلار ھەممىنى تەييار قىلىپ بېرىۋىدى ئىش قىلىپ ھېچكىم غىڭ قىلالمىدى. نەچچە يىل يىمەي-ئىچمەي خوراز بېقىپ، بازار قوغلاپ سوقۇشتۇرۇپ، گادا ئۆتۈپ، گادا ئۆتتۈرۈپ دىگەندەك كاسام بىرەر يېڭى تامبال كۆرمەي، سوقۇشچى خورازغا قۇل بولۇپ ئۆتكەنىكەنمەن، مانا ئەمدى نى، نى يوغان تاجلىق خورازلار نەچچە يۈز مېكىيانلىرى بىلەن مېنىڭ قولۇمغا قارايدىغان بولدى. مانا، ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇنداق چوشۇمدىمۇ كۆرمەيدىغان ھىممەتلەرگە ئېرىشتىم. بەزىدە تۇرۇپلا «ئاتام رەھمەتلىكمۇ دۇانى جىق قىلغان بولسا كېرەك» دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن،- دېدى جۈمە «خوراز» چامغۇرى تۈگىگەن ئورىدەك كۆرۈنىدىغان قارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

شۇ ئەسنادا سامۇش مۇدىر ھەسرەپ-ھۆمۈدىگىنىچە، قېرى ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يۆگۈرۈپ كەلدىمۇ ياكى توخماقتەق دىقماق پۇتلىرى سامان تىقلىغان تاغارنى ئەسلىتىدىغان بودەك تېنىنى كۆتۈرۈپ بولالماي ھاردۇق يەتتىمۇ ئېيتالاۋۇر، يۈز-كۆز، بويۇن-پاتاقلىرىغىچە قارا تەر تەپچىرەپ تۇراتتى.

- مانا قاراڭلا، بۇ بېكار تەلەپلەرنىڭ بىر كىم بەتتە پولادا نەزىر بېرىدىغاندەك ھەممىسىنىڭ بۇ ھويلىغا چۇغلىشىۋالغىنىنى، ناۋادا يىغىنغا ياكى ھاشارغا قىچقىرىدىغان ئىش بولسا، كاناي يىرتىلغىدەك توۋلىسىمۇ چىقىشمايسەن خۇددى چاشقان تۆشىكىگە مۆكىۋالغاندەك، بۈگۈن نىمە

www.kitaphumar.net

بولۇشتى ھەرقايسىڭغا؟ مانا قاراڭ ھېجارىشىپ كېتىشكىنىنى تېخى! ئاڭلاپ تۇرۇش، مۇشۇ تاپتا يېزا باشلىقى تېلىۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رەسىمچىلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، ھەر قايسىڭ ئۇلار كەلگەنــدە تاپقــا ئولاشــقان بــزەڭ چىۋىنــدەك ئەتراپىغــا تويلىشــىۋېلىپ، ئاغزىڭغــا كەلگــىنىچە قالايمىقان جۆيلىشىپ يۈرۈشسەڭ بولمايدۇ، بىلىشسەڭ ھازىر بۇ ھــويلا ھەر قايســىڭ خالىغــانچە يىغلىۋالــىدىغان خــوراز سوقۇشــتۇرۇش مەيــدانى ئەمەس! يېزىمىــز بــويىچە نوختىلىــۋق ئــائىلە، ئۇقۇشتۇڭمۇ؟!- ئۇ ھويلىدا تۇرغانلارغا دوق قىلىپ گۆلىيىپ قويۇپ، جۇمەگە يۈزلەندى- ھــاي جۇمەك، شاپ بولۇڭلا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھاڭغاز تارتىپ تۇرماي ئا سۇپىرىخاننى تىۋۋلاڭلا، ھويلا-ئارامسا سۇ سېپىپ، سىپىرىپ-سۈپۈرۈپ، ئانچە-مۇنچە سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويسۇن، ئاۋۇ قۇشقاچ چاڭگىسىدەك چاچلىرىنى تاراپ تۈزلەپ، ئۈستىۋاشلىرىنى يەڭگۈشلىسۇن، كۆندىكىدەك ھەلۋەرەڭ-سەلۋىرەڭ يۈرسە بولمايدۇ. تېلۋۇزورغا چىقىدىغان گەپ، تېلۋۇزورغا، ئۇقتۇقلىما؟! سىلىمۇ ئــايىغىڭلىنى كىيىكــتەك قىلىــپ «يېشىــل پەيلــەك» توخۇلارنىــڭ ئەڭ چــوڭ، ســېمىز، پارقىراقلىرىدىن ئون، يىگىرمىنى تۇتۇپ، ماۋۇ ھۆكۈمەت ياساپ بەرگەن توخۇخانىغا ســولاڭلا. ئانــدىن مــاۋۇ ئۇچاڭلىــدىكى ئەڭلىڭلىنــى چــۆرۈپ تاشــلاڭلا، قــاراڭلا، خــۇددى موزدوزنىــڭ دەسمىلىدەك بوپ كېتىپتۇ. يۈز-بويۇنلىرىڭلارنى سۈپۈنداپ يۇيۇپ، قايسى كۈنىدىكى كاستيۇم-بۇرۇلكىنى كىيىۋېلىڭلا ....

- ئەجەب بىر بىسەرەمجان ۋاقىتتا كېلىدىكىنا مۇخبىر دىــگەن، يــا ئالــدىنقى كۈنىدىكىــدەك ئىككى، ئۈچ كۈن بالدۇر خەۋەر بېرىپ قويمىغان- دېدى جۇمە ئۆزىچە غۇدۇراپ- ھاي سۇپىرەم! ھاي سۇپىرەك شاپ بول دەيمەن، بۇياققا چىق، يەنە مۇخبىر كېلىدىكەن!

- ھوي ئۆزۈڭلىچە «قاقاسلاپ» كەتتىڭلىغۇ قېيدىغاندەك قىلىپ؟ مانا قاراڭلا، بىلىپ ئىش قىلىڭــلا، بىلىــپ! بىــز ھــازىر ســىلىنى بېشــىمىزدا كۆتــۈرۈۋاتىمىز جۇمــۇڭ! بــۇ ھويلىــدىكى يېڭىلىقلارمىچۇ مانا ئاۋال بىز سىلىنى قوللىغاچقا، ئاندىن ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلۈپ يۆلەپ بەرپا بولغان ھە، ھېلى يەنە كەلگەن مۇخبىرلارغا تاقا-تۇقۇقۇ جۆيلىۈپ يۈرمەڭلا- دېدى سامۇش مۇدىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. ئۇنىڭ زەردىلىك، بوڭ-بوڭ ئاۋازى جۇمە بىلەن سۇپىرىخاننى خىلىلا تەمتىرىتىپ قويدى.

باياتىندىن بېرى ھويلىدا قاراپ تۇرغانلا جۇمە بۇرادىرىنىــڭ نىمدىنــدۇ بىئەپلىــك ھــېس قىلىــپ تەمتىرەشــلىرىنى كــۆرۈپ تۇرىۋېرىشــكە رەغىدى تارتمــىدى بولغــاي، بىــر-بىــرلەپ دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ كېتىشتى.

جۇمە ئالدىراپ-سالدىراپ ئۇچىسىدىكىنى يەڭگۈشلەپ، بېشىغا سەل نىمكەش بولسىمۇ گــۈللىرى ئۇچــۇق كۆرىنىــدىغان چــمەن دوپپــا، ئۇچســىغا كانــاۋاي كــۆڭلەك كېيىــپ ھويلىغــا چىقتى.

- ھوي ئاداشھوي، مەن سىلىگە ئۆتكەنكى كاستيوم-بۇرۇلكىنى كىيىپ چىقىڭلا دېمىدىمۇ،

www.kitaphumar.net

ئا ئە! بولۇڭلا تېز، بۇ قەقەي دادامنىڭ ۋاقتىدىكى لاتا قالدۇقنى چۆرۈپ تاشلاپ، كاستىيۇم-بۇرۇلكىغا يەڭگۈشلەپ چىقىڭلا- ساموۇش مۇدىرنىڭ ئاۋازى قوپاللاق چىقىپ كەتتى.

- ئەستا، ئەسلىرىدىن چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ مۇدىر- دېدى جومە «خوراز» بېشىنى تاتلاپ تۇرۇپ- ئۇ كىيىمنى سىلى «ئوغلۇم تويغا كىيسۇن» دەپ ئۆلۈشكۈن ئوغۇللىرىغا ئېلىپ بەرمىدىلىمۇ، تېخى ....

- ۋاي شورى قۇرىغۇر ئىسكىلىت! تېخى قايتۇرۇۋالمىغانما ئۇنى؟ بولدى، بولدى، ناۋادا ھېلى يېزا باشلىقى ئۇ كىيىمنى سوراپ قالسا ھەرگىز «مۇدىرنىڭ ئوغلى ئېلىپ كەتكەن» دەپ يۈرمەڭلا جۇمۇڭ!

«خوراز» نىڭ كاللىسىغا غەم چۈشتى. «ناۋادا يېزا باشلىقى راستىنلا شۇنداق سوراپ قالسا نىمە دەرمەن» دەپ چۇڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ شۈكلەپ قالدى.

- بۇتخانىنىڭ بۇتلىرىدەك قېتىپ قالدىڭلارغۇ، شاب بولۇڭلا دەيمەن، ھاڭغاز تارتماي ...

- ئەستا، شۇ ... ناۋادا يېزا باشلىقى ھېلىقى كاستۇم-بۇرۇلكىنى راستىنلا سوراپ قالسا ...

- ئا ئە! تازىمۇ لامزەللە ئاداشتە سىلە، شۇنىڭغىمۇ غەم قىلغۇلۇقمۇ، «كىرخانىغا يۇغۇزغىلى بەرگەن» دىسەڭلا بولمىدىمۇ، ئا، ئە! ئاۋۇ سۇپىرىخانىنىڭمۇ سەمگە سېلىپ قويۇڭلا، يەنە ئۇمۇ تىلىنى چايناپ ...

مۇدىرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغىچە كىچىك ماشىنىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. جومە ئۆزىنى باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك جىددىلىشۋاتقاندەك، پۇت-قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

- ۋوي، ماۋۇ بىزنىڭ جومە باينىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بازار بولۇپ كېتىپتۇغۇ مانا- دېدى يېزا باشلىقى ماشىنىدىن چۈشۈپلا. ئارقىدىنلا سېنئالغۇ ئاپاراتى، رەسىم ئاپاراتى ۋە يەنە ئاللا قانداقتۇ بىر خىل سايمان-جابدۇقلارنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئۈچ ياش بىر-بىرلەپ ماشىنىدىن چۈشۈشتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، ئاكىلار، تېنچ-ئامان تۇرۇۋشتۇڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار مۇشۇ مەھەللىلىك ئوخشىمامسىلەر؟- سورىدى  يارىشىملىك بۇرۇت قويىۋالغان، قارا قاش، قوي كۆزلۈك، چىرايىدىن ئاپتاپ يېغىپ تۇرىدىغان، 25 ياشلار ئەتراپىدىكى كېلىشكەن يىگىت سالامدىن كېيىن.

- ھى، ھى، ھىھ، بىز شۇ ...- تۇدىلەك «موخور» ئەمدىلا ئېغىزىنى ئېچىشىغا يېزا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

- ھە، بۇلارنىڭ بىر، ئىككىسى مۇشۇ مەھەللىلىك، قالغانلار بەلكىم توخۇ سېتىۋالغىلى كەلگەنلەر بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ-يا؟- دېدى ئۇ تۇرغانلارغا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ. ئاندىن بۇرۇلۇپلا ھېلىقى مۇخبىر يىگىتكە يۈزلىنىپ سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ھىجارىدى- قېنى مۇختەرجان ئەۋۋال ھويلىغا كىرىپ توخۇخانا ۋە «يېشىل پەيلىك توخۇ» لارنى ئۆز كۆزۈڭلار

www.kitaphumar.net

بىلەن بىر كۆرۈڭلار، ئاندىن جۇمە باي بىلەن تەپسىلى پاراڭلاشساڭلارمۇ ئۈلگىرىسىلەر.

يىزا باشلىقىنىڭ سالاھىتىگە ماس كەلمىگەن بىر خىل سۇنئىي ھىجارىشى مەھەللىلىكلەرگە غەيرى تۇيغۇ پەيدا قىلدى بولغاي، بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ مىيىقىدا كۈلۈشۈپ قويۇشتى.

- ئالدىرمايلى باشلىق، بىزگە ۋاقىت دىگەن خېلى بار، ماۋۇ «توخۇ سېتىۋالغىلى كەلگەنلەر» نىڭ مۇشۇ تەبىئىي تۇرقلىرىنى بىر سىنغا ئېلىۋالاي، ھېلى تارقاپ كەتسە بۇنداق مەنزىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ- دىدى يىگىت ھەم ھەيرانلىق ھەم تەئەججۇپلىك ھىسسياتلار ئىچىدە قانداق قىلىشنى، نىمە دىيىشنى بىلمەي بىردە يىزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا، بىردە قىپچىنىپقىنە ئۆزىگە قارىشىۋاتقان مەھەللىلىكلەرگە ئاپىراتىنى توغرىلىغاچ.

- ھاي توختاڭ، توختاڭ، سەل تەخىر قىلىڭ ئۇكا. ھىچ بولمىغاندا ماۋۇلارنىڭ قولىغا بىر، ئىككى قاناتتىن «يېشىل پەيلىك توخۇ» تۇتقۇزۇپ قويايلى، جانلىقراق چىقسۇنمىكىن دەيمىنا- دىدى يىزا باشلىقى مۇخبىرنىڭ ئالدىغا كىلىپ، ئاندىن ھويلىغا قاراپ بوراندەك گۈركىرىدى- ھاي جۇمە! بارمۇسىلە، كۈرۈك توخۇدەك مۆكۈشۈپلىپ چىقايمۇ دىمەيسىلىنا بوسۇغاڭلىغا دوقۇرۇپ تۇرساقمۇ؟

ھويلىدىن «مانا ھازىر» دىگەن جاۋاپ چىقىشىغا يىزا باشلىقى قازاندەكلا قايناپ كەتتى:

- ھەي ئاداش، قىرى مىكىياندەك تۇخۇم بىسىپ ياتمىغان بولغىيدىڭ، ئىشىكىڭ ئالدىغا مىھمان باشلاپ كەلسەم قارشى ئالايمۇ دىمەيسىنا؟- سەنلەپلا چۇشتى يىزا باشلىقى زەردە بىلەن- شاب بول! «يېشىل پەيلىك توخۇ» لىرىڭدىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ چىق!

ئەتراپتىن پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. باشلىق بىلىپ دىدىمۇ ياكى بىلمەي ئۇدۇللا دەپ سالدىمۇ، جۇمەنىڭ يىگى لەقىمىنى چىشلەپ تارتقان ئىدى.

ھەممەيلەن تازا كۈلۈۋاتقاندا قوينىڭ توققۇز تاللىقىدەك، 80 يانچۇقلۇق چاپان كىيىۋالغان خەنزۇ مۇخبىر بىلەن ھىلىقى كىلىشكەن ئۇيغۇر يىگىت ئاپاراتىنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا توغرىلاپ سىنغا ئېلىشنى؛ زىلۋا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، زەڭگەر كۆزلۈك، قوڭۇر رەڭلىك بۇدۇر چاچلىرى دولقۇنلاپ تۇرىدىغان قىز بولسا ئورۇسگۈگۈت قىپچىلىك ئاپىراتىدىن يالت-يۇلت نۇر چاقنىتىپ رەسىمگە ئېلىشنى باشلىغان ئىدى.

- مۇختەرجان ئۇكام بۇ... بۇ... بۇنداق قىلساق تازا ئەپلەشمەسمىكىن؟ مىنىڭ پىكرىمنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ، ھىچ بولمىغاندا ئەۋۋال توخۇخانا بىلەن توخۇلارنى سۈرەتكە ئېلىپ، ئاندىن بۇلارنى ....

يىزا باشلىقىنىڭ كىچىككىنە مۇخبىر يىگىت ئالدىدا خوشامەتكۈيلۈق بىلەن خوش-خوش دىگىنىچە قەلەمتىراچتەك قاتلىنىۋاتقان بىلى، ئىلگىرىكى دىھقانلار ئالدىدىكى نوغۇچ يۇتىۋالغاندەك تىك، كۆرەڭ، ھەيۋەتلىك گەۋدىسىگە ئوخشىماي قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى.

www.kitaphumar.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- ھېچقىسى يوق، ئاۋال مۇنۇ قىزغىن كەيپىياتنى بىر ئىلىۋالاي، قالغانلىرىنى ئالدىرىماي ئىلىۋېلىپ، كېيىن كىرىشتۇرۇپ كۆڭۈللىرىدىكىدەك ياساپ-جابدۇيمىز دېيمەن، خاتىرجەم بولسىلا- دېدى مۇخبىر سىنغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرغاچ.

«ئەجەپ بىر بېشى قاتتىق نېمەكەنە بۇ، ئىلگىرى كەلگەن مۇخبىرلا بىز نېمىنى دېسەك شۇنى كۆڭلىمىزدىكىدەك قىلىپ پۈتتۈرۈپ، گۆش-پولوسىنى يەپ كېتىپ قالاتتى، ماۋۇ سويمەكنىڭ ھالىنى قاراڭ!» دېيتتى يېزا باشلىقى ئىچىدە. لېكىن كۆڭلىدىكىنى سىرتقا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي تىت-تىت بولاتتى. ئەلۋەتتە بۇ خىيالىنى سىرتقا چىقىرالمايدۇ-دە!

مۇخبىرلا سىرت كۆرۈنۈشلىرىنى بىر قەپەس سۈرەتكە ئېلىپ بولۇپ ھويلىغا قەدەم باستى. بايامنىڭ بېرىسى تاماشا كۆرىۋاتقان ھېساپتا قارىشىپ تۇرغانلارمۇ، بىرەر پارچە سۈرىتىنىڭ گېزىتكە بېسىلىشىنى ياكى تەساددىبىي تېلۋۇزوردا كۆرۈنۈپ قېلىشىنى تاما تارتىپ، ئاپاراتنىڭ كۆزى قاياققا توغرىلانسا بىر-بىرسىنى ئىتتىرىپ، قىستىلىپ دىگۈدەك ئاپارات ئالدىغا يۈگۈرگەنلەرمۇ، ئىش قىلىپ دەرۋازا ئالدىدىكى ئۇششاق-چوڭ، پىششىق-تۇڭ ئالامىنىڭ ھەممىسى خۇددى يار ئېلىپ كەتكەن قىيانىدەك دەۋرەپلا مۇخبىرلارغا سوڭدۇشۇپ ھويلىغا كىردى.

يېزا باشلىقىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ، كۆزلىرى ئىت تىنتۇۋەتكەن ئەسكى تېرىنىڭ يېرتىقىدەك كىرىلىپ كەتتى.

- يەنە نېمە بولۇشتى ھەرقايسىڭغا! بۇ ھويلىدا توي بولمىغاندىكىن ئېتىزلىقىڭغا چىقىپ ئەمگىكىڭنى قىلىشساڭ بولمامدۇ-ھە؟!

ھويلىدىكىلەر زەردە بىلەن بورانىدەك گۈكىرىگەن ئاۋازدىن تەمتىرىشىپ ھېلى قانداق كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تىز دەرۋازا تەرەپكە دەۋرىدى.

- سەل توختاپ تۇرۇڭلا يولداشلار- دېدى مۇخبىر يىگىت ئۇلارغا يۈزلىنىپ. ئاندىن يېزا باشلىقىغا قاراپ- بولدى غەزەپلەنمەڭ باشلىق، ئۇلارنى قوغلىۋەتمەيلى، بىزنىڭ سەھراغا كېلىشىمىزمۇ تەس، ئاران بىر كەلگەندە دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىراق سوراپ ئىگەللىۋالمىساق بولماس، مانا مۇشۇلار بىلەن قانچە كۆپ پىكىرلەشسەك ئاساسىي قاتلامنى شۇنچە كۆپ چۈشىنەلەيمىز دىگەن گەپ، بۇمۇ بىزنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

«ھۇ كاساپەت، ئەجەپ سەزگۈر نېمىكەنا، مۇشۇنداق قىلىشىڭ ساڭا پايدىلىق بولغىنى بىلەن پېقىرغا زىيانلىق-تە، ھە راست، بۇلارنى چوڭلاردىن بىرەرسى مەقسەتلىك ئەۋەتتىمۇ يا؟ بولمىسا ئۇنچىۋالامۇ قىلىپ كەتمەس ئىدى. توغرا نېملا بولمىسۇن ئېھتىيات قىلاي، شاش ئېشەكنىڭ تۇكىنى يەنىلا يېتىشىغا سىيلىغان ياخشى...» دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى يېزا باشلىقى. ئۇنىڭ بۇلۇتلانغان قەلب ئاسمىنىدا خىرە نۇر شولىسى پەيدا بولدى بولغاي، قارىداپ

www.kitaphumar.net

كەتكەن يۇزلىرىگە سەل-پەل قىزىللىق يۈگۈردى. بىراق مۇخبىر يىگىتنىڭ ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپ توخۇخانا تەرەپكە ماڭماي، ئۇدۇللا يول تەرەپتىكى توغرا تېمى خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، قالغان تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، يېڭىلاپ ئورنىتىلغان ئىشىكلىرىنى سىرلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپلا تۇرغان كونا سامانلىق تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، يۈز تېرىلىرى لىپىلداپ، تېزلا ئاشۇ غېرىپسىنىپ تۇرغان سامانلىق تېمىنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىچكى تىتتىتلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە مۇخبىر يىگىتكە سايىدەك ئەگەشتى. «ئەستا! قىچىشمىغان يەرنى تاتلاپ قوپامدۇ بۇ ئاداش!» غۇدۇرىدى ئىچىدە.

- ھە، جۇمەخۇنكا، توخۇخانىنىغۇ پىششىق خىش بىلەن كېلىشتۈرۈپ ياسىۋاپسىز، لېكىن مۇنۇ ئۆزۈڭلار ياتىدىغان ئۆينىڭ كېسەك تاملىرىنى تېخىچە يېڭىلىماپسىزغۇ؟- سورىدى قىزچاق سوغا چۈشكەن توخۇدەك شۈمشىيىپ تۇرغان جۇمەگە مىكرافۇننى توغرىلاپ. نىمدىنىدۇ ئەنسىرەپ تۇرغان جۇمە دۇدۇقلاپلا قالدى.

- شۇ... شۇ... مەنغۇ يېڭىلاي دىگەن ...

- ھە، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى كۈزدە يېڭىلىماقچى، ھازىر بار مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى «يېشىل پەيلىك توخۇ» كۆپەيتىشكە سەرىپ قىلدى- دېدى يېزا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ- شۇنداققۇ جۇمەخۇن؟

– شۇنداق، شۇنداق، مەبلەغنى شۇ توخۇ بېقىشقا ئىشلىتىپ قويۇپتىمەن، كۈزلۈككە توخۇلاردىن كۆپرەك سېتىپ ....

مۇخبىر يىگىتنىڭ چىرايىدىكى دەسلەپكى يېقىملىق نۇرلار سۇسلىشىپ قالدى. «ئاۋال توخۇغا ‹ئۆي› سالغۇچە، ئۆزى ياتىدىغان ئۆينى يېڭىلىۋالسىچۇ كاشكى» دىگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە مېڭىسىدىن ئۆتتى. ئۇ «خوراز» نىڭ كېيىنكى گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا ئۆز ئىشىنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئىلگىرى ھېچكىممۇ كىرىپ قويمايدىغان بۇ ھويلا مۇشۇ نەچچە ئايدىن بېرى يىگىت تويى بولىۋاتقان باي قەسىرىدەك، خۇش-خۇي ھېجاراشقانچە كىرىپ-چىقىشىۋاتقانلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

بەلكىم، ئۆزى قىلىپ باقمىغان، ھەتتا قانداق ئىشلىقىنىمۇ بىلىپ يەتمەيدىغان ئىشلارنى مەن قىلدىم، مەن بىلىمەن دەپ دوكىلات قىلىشىنىڭ تەسىلىكىنى باشقىلار بىلمىسە كېرەك. دەسلەپتە جۇمە خورازمۇ نەچچە قېتىم دۇدۇقلىغان، يامغۇر ياققاندەك تەرلىگەن. كەنت مۇدىرى نەچچە كېچە كۈندۈز كۆزىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ يادىلاتقان جۈملىلەرنىمۇ نۆۋىتى كەلگەندە دۇدۇقلاپ دىيەلمىگەن، دىگەن چاغلىرىدا يۈرىكى ئېچىشقاندەك، يەنە ئاللا قانداق بىر يەرلىرى بىئارام بولغاندەك تۇيۇلغان. ۋاقىت ھەممىنى كۆندۈرسە كېرەك، جۇمە «خوراز» مۇ بارا بارا ئېچىلىپ كەتتى. ئاستا-ئاستا تەپ تارتمايدىغان، دۇدۇقلىمايدىغان، ھەتتا كەنت مۇدىرى

www.kitaphumar.net

ئۆگەتمىگەن دەبدەبىلىك گەپلەرنىمۇ ئارلاشتۇرۇپ دىيەلەيدىغان بولۇپ كەتتى.

6

ـ سەن ئاجايىپلا قالتىس ئىش قىلىپسەن ئاداش، بىز قۇدۇقتىكى پاقىدەكلا «جاھاننىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىزنىڭ مەھەللە بولسا كېرەك» دەپ، كۆتمەك قۇيرۇق خورازلىرىمىز «ئەشەددى دۈشمىنى» نى نەچچە تېپىك بىلەن يېڭىپ، باش ـ ماشلىرىنى قىپقىزىل قانغا بوياپ مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىپ ياكى ھالسىزلاندۇرۇپ يىقىتىپ بەرسىلا تىرىمىزگە پاتماي كېرىلىپ يۈرۈپتىمىز. كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا ھېچ نىمىگە پەرۋا قىلماي يەڭگەن خورازنىڭ ھەممىلا يېرىنى، قاناتلىرىنى، تولا تالىشىپ كۆتمەكلىشىپ كەتكەن قۇيرۇقلىرىنى، پۇتلىرىنى مېھرىمىز بىلەن سىيلاپ ئۆتتۇپتىمىز. قانغا بويالغان تاجىسىغا، كۆزىگە، بويىنىغا يۈزلىرىمىزنى يېقىپ، خۇددى بوۋىقىمىزغا پىچىرلىغاندەك نىملەرنىدۇ پىچىرلاپ كېتىپتىكەنمىز. يەنە تېخى دو تىكىپ ئۇتتۇرغانلارنىڭ قولىدىن، خورىزىمىز ئۇتتۇپ بەرگەن نەچچە ئون يۈەن پۇللارنى ئالغان چېغىمىزدا يۈرەكلىرىمىز تېخىمۇ ئويناپ كېتىپتىكەن. مانا ئەمدى سىنىڭ ئاۋۇ «يېشىل پەيلىك توخۇ» لىرىڭنى، كۈندە بولىۋاتقان سودا ـ سېتىقىڭنى كۆرۈپ كۆزىمىز باشقىدىن ئېچىلغاندەك بولدى ـ دېدى تۇدىلەك «موخۇر» ھاياجىنىنى باسالماي. ئاغزىدا «كۆزىمىز ئېچىلدى» دىگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە جۈمە «خوراز» نىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق تەلىيىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ بەزى ئىشلارغا ھەقىقەتەن ئەقلى يېتىدىغاندەك قىلمايتتى.

ـ ھى، ھى، ھىھ ...، بۇ قانچىلىك ئىشتى ئاداشلىرىم، يېزا باشلىقىنىڭ دىيىشىچە كارامەت تېخى ئالدىمىزدامىش، نى، نى ئىشلارنى كۆرۈپ قالىسلەر بىر كۈنلىرى. يېزا باشلىقى پات ئارىدا مەخسۇس «يېشىل پەيلىك توخۇ» پىرمىسىدىن بىر نەچچىنى قۇرىمىز دەيدۇ. تېخى سىلەرمۇ بىزنىڭ پىرمىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالساڭلارمۇ ئەجەپ ئەمەس ـ دېدى جۈمە «خوراز» زوڭزىيىشقىنىچە موخۇركا چېكىشىۋاتقان ھەمتاۋاقلىرىغا مەغرۇر قاراپ قويۇپ ـ ئەگەر پىرما قۇرۇلىدىغانلا بولسا سىلەرمۇ ھېلىقى توكۇر خورازلىرىڭلارنىڭ كەينىدىن پالاقشىپ يۈرىيدىغان ئىشنى تاشلاڭلا، ئوقەتنى بىرگە قىلايلى.

ـ مۇشۇ خوراز سوقۇشتۇرۇشتىن قول ئۈزەلەرمىزمۇ ئاغىينىلە؟ كۆنگەن خۇينى ئۆزگەرتىش ئانچە ئاسان بولمىسا كېرەك.

ـ دېمىسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئاشۇ خوراز سوقۇشتۇرۇشتىن سۇ ئىچىدىغان تۇرسا قانداقمۇ .... بولىدىلا مەن يەنىلا ئۆز ئىشىمنى قىلىۋېرەي، بىز جاپاغىلا تۇغۇلمىغان بولغاندىكىن، قارىمامسىلەر جۈمە «خوراز» غا ئۇ ملىك بىر جاپادا توخۇ بېقىۋىدى كۆز ھەققى چاغلىق بىر نەرسە بېرىپ قويۇپلا توخۇنىڭ سېمىزىنى باشقىلار ھوزۇرلۇنۇپ يەۋاتامدۇ ئەينا ـ دېدى كۈنىنى خوراز

www.kitaphumar.net

سوقۇشتۇرۇشتىن كەلگەن پارچە-پۇرات پۇلغا؛ ھۆكۈمەتتىن پەسلىدە بېرىلىدىغان تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىغا ؛ بەزىدە خەير-ساخاۋەتچىلەر ئىئانە قىلغان، موتتىن كېلىدىغان ياردەمگە تايىنىپ ئۆتكۈزىدىغان مامۇت مۆرىمەس بىر چەتكە چىقىپ. ئۇ يەنىلا پۈتۈن ئۈمىدىنى موتتىن كېلىدىغان غايىپ رىسقىغا باغلىغان ئىدى.

مانا دېھقان دىگەن مۇشۇنداق ئاجايىپلا بىر دۇنيا. ئوچۇق-يورۇق، ئۆز سۆزلۈك، ساددا، كۆڭلىگە نىمە كەلسە شۇنى دەۋېرىدۇ. مىجەزى تۈز، دىلكەش. ھىيلە-مىكىردىن خالىي. بارلىق ئېسىل خىسلەت شەربەتلىرى ئۇنىڭ زۇۋۇلىسىغا قېتىپ يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولسا كېرەك. بۇ چىن ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ئۆز پارىڭىغا چۈشكەن ئىدى.

- ھەق گەپنى قىلساق ئات تىزىگى ئالتۇن بولۇپ قالدى بۇ جاھاندا. بىز كىچىك چاغلاردا چوڭ بوۋامدەك ھال-كۈنى ياخشىلارنى تارتىپ چىقىرىپ بىرسىنى «پومىچچىك»، بىرسىنى «باي دېھقان»، يەنە بىرلىرىنى ئاللانىملەرنىدۇ دىيىشىپ، پىغجىرىم ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇقلاردا ئوتتۇرىغا توختۇتۇپ قويۇپ كۈرەش قىلىشقان ئىدى. تارتىپ چىقىرىلغانلارلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىگۇناھ بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرگەن. مانا قاراڭلا، ئەمدى ئىش باشقىچە بولىۋاتىدۇ، بولمىسا، ھازىرمۇ شۇ يەنىلا ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت، «قىزىل» قارىغا ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق، لېكىن شۇ ھۆكۈمەت ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ باي بولۇڭلار دەۋاتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ كۈنلەردە باي بولغانلارنىڭ پاختىكى ئوڭدا ئۇچىۋاتامدۇ ئەنە. «گاچا بولسىمۇ باي سۆزلىسۇن» دەپ قارىمامسلەر ماۋۇ «خوراز» نىڭ دەپ كەتكەنلىرىنى بىزگە دەرس ئۆتۈپ. مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىدە مۇشۇ جۈمەدەكلەرنىڭ گېپى راست، يوللۇق بولىۋاتىدۇ دىسە...

- بەزىدە ياقا چىشلەپ تووۋا دىگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. بىر يىل ئىلگىرىلا ماۋۇ جۈمە «خوراز» بىزگە ئوخشاشلا قوتۇر خورازنى قولتۇقلاپ بازارمۇ بازار، مەھەللىمۇ مەھەللە سوكۇلداپ يۈرىدىغان توخۇۋاز ئىدى، نۆۋەتى كېلىپ قالسا قىماردىنمۇ باش تارتمايتتى. ئىش قىلىپ ئويۇن-تاماشا دىسە قاچىسىدىكى ئاشقىمۇ قارىماستىن بېشىچىلاپ چۆكۈپ كېتىدىغان قېرى داشقال ئىدى. لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، ھەممىدىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، ھەممە ھەۋەس قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى مانا.

- ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىچە ئاغىينىلە، بۇ قارا مەدەكنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئاق ئۇستىخان، كىشىنىڭ ھەققىدىن قاچىدىغان، ئىنساپ، ديانەتلىك، «ئۈجمە يىسە قۇشلارنىڭ رىسقىنى يىگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئۈجمىمۇ يىمەيدىغان، ھالال ياشاپ كەلگەن تەقۋادار كىشىلەردىن ئىكەندۇق. مۇشۇ كۈنلەردە ئەنە شۇلارنىڭ روھى مونۇ بەتقىلىقنى يۆلىگەن گەپ، بولمىسا تۈيۈقسىزلا باي بولۇپ كېتەتتىمۇ «داشقال».

* * * * * * * * * * * * * * * * *

www.kitaphumar.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇدىلەك «موخۇر» مۇ ئەمدى توخۇ بېقىشقا راستىنلا قىزىقىپ قالدى. جۇمە «خوراز» نىڭ «يېشىل پەيلىك توخۇ» لىرى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇچىقنى ئېيتقاندا ئۇنى قىزىقتۇرغىنى«يېشىل پەيلىك توخۇ» ئەمەس، توخۇدىن كېلىۋاتقان «قىزىل قۇلاق» لار ئىدى. «ئون نەچچە يىل بازارمۇ بازار پالاقلاپتىمەن توكۇر خورازدىن بىرنى قولتۇقلاپ، كۆپ بولسا يۈز، يۈز ئەللىك كوي ئۇتتۇۋالسام گۇل ـ قەقەلىرىم ئېچىلىپ كېتىپتىكەن. مانا مۇنۇ جۇمە ‹خوراز› ئۈچ، تۆت ئايدىلا تاپقان پۇلچىلىك پۇلغا ئىگە بولۇش مېنىڭ چۈشىمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىكەن. ئەمدى جۇمەنىڭ ‹ھۆنۈرى› نى ئۆگەنمىسەم بولمىغىدەك ... » تۇدىلەك «موخۇر» ئەشۇ خىياللار بىلەن يەنە جۇمە «خوراز» نىڭكىگە كېلىپ قالدى. جۇمە توخۇلارغا يەم بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئاداش، يەنە كېپ قالدىمغۇ، بۇ توخۇ ۋەسۋەسى مېنىمۇ ئۇخلاتمىدى ئەمدى.

ـ ۋە ئەلەيكوم ئەسسالام، ياخشى كەپسەن، يېتىشەلمەي تۇراتتىم يـاردەم بەر ئاداش. شۇ باھانىدا توخۇ بېقىشنىڭ يولىنى ئازپاز بولسىمۇ ئۆگىنىۋالسەن، قانداق دىدىم؟ـ جۇمە «خوراز» قوللىرىنى سۈرتۈپ تۇدىلەك بىلەن كۆرۈشتى.

ـ چاتاق يوق، مەنغۇ كۆچۈمنى ئايىمايدىغان ئادەم، لېكىن مەن بەك ھەيران، راست گېپىڭلىنى دەڭلا ئاداش، توخۇ چۆجىسى دېگەن دەسلەپتە تۇخۇمدىن چىققاندا ئاق پەيلىك بولىدىغان سىنىڭ بۇ چۆجىلىرىڭ قانداقلارچە «يېشىل پەيلىك» چىقىپ قالدى؟ زادىلا ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ دەيمەن.

ـ ھەي بۇنى مەن نەدىن بىلەي، دەپ كەلسەم گەپ تولا ـ دېدى «خوراز» بېشىنى قاشلاپ ـ قېنى ئولتۇرۇڭلا، بەربىر باشتىن سۆزلىمىسەم چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، موخۇركا چەككەچ پاراڭلىشايلى.

جۇمە «خوراز» بەش، ئالتە ئايدىن بۇيانقى توخۇ بېقىش جەريانلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. بىرەر ئېغىز گەپمۇ قوشماي مومىسىدىن چۆچەك ئاڭلاۋاتقان سەبىي بالىدەك جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان تۇدىلەك «موخۇر» ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى، جۇمەنىڭ گەپلىرى قىپقىزىل يالغان گەپتەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىككى بارمىقىغا قىستۇرۇۋالغان موخۇركا قالدۇقىنىڭ ئوتى بارماقلىرىنى ۋىژژىدە كۆيدۈرگەندىلا ئۇنى ئۆچۈردى. كۆتىكىدە كۆيۈپ بولالماي قالغان تۆكرۈكچىلىك موخۇركىنى خالتىسىغا چۈشۈرۈپلىپ، جۇمەگە قايتىدىن تىكىلدى.

ـ مىنى كىچىك بالىدەك كۆرۈپ قالدىڭلارمۇ نىمە ئاداش؟ بۇنداق پاق ـ پاق گېپىڭلارغا كىم ئىشىنىدۇ دەيمەن، نەدىمۇ چۆجە لويلا يىگەنىڭلا «يېشىل پەي» چىقىدىغان ئىش بار ئىكەن ـ

www.kitaphumar.net

دېدى «موخۇر» قىزىشىپ.

ـ دەسلەپتە مەنمۇ ھەيران قالغان، كۆزۈمگە ئىشەنمەي ئۈۋۈلاپ تۇرۇپ قارىغان چاغلىرىممۇ بار. بايا دىگىنىمدەك چوجە تېپودا ئېلىپ كەلگەندە پەيلىرى ئاپپاق ئىدى، سەل يوغىناپ لويلا يېيىشنى باشلىغاندىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا يېشىل پەيگە ئۆزگىرىپ كەتتى.

ـ توۋا دەڭلا ئاداش ھوي، كاللاڭدىن كېتىۋاتمايدىغانسەن؟ تېلۋۈزوردىنغۇ «قارا سۆڭەكلىك توخۇ ئۇنداق پايدىلىق، بۇنداق دورا ... » دىگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتۇق، ئەمدى «يېشىل پەيلەك توخۇ» چىقسا .... ھەي «قارا سۆڭەكلىك توخۇ» ئۇۋاق كۆمۈر يەيدىغان بولغىيمىدى يا؟

ـ ئۇنى مەن نەدىن بىلەي، ئىش قىلىپ بۇ لويلا دىگەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ چۆپكەن دېمەن. ئىش قىلىپ ئۇ چۆپ باغ-ئېتىزلىقىمدا تۇگىگىنى بىلەن توخۇلىرىمنىڭ بارىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بولۇپمۇ مېكىيانلىرىمنىڭ پەيلىرى يېشىللىشىپ، يىراقتىن قارىسا لويلا يۇپۇرمىقىغىلا ئوخشاپ قالدى، مېكىيانلار ئۇياق ــ بۇياققا يۈگۈرسە خۇددى غۇژمەكلا ئۆسكەن بىر توپ لويلا شاماشلدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەكلا كۆرىنىدۇ. توۋا دەپ ياقامنى تۇتتۇم. كېيىنچە «بۇ بىر كېسەللىك بولمىسۇن يەنە» دەپ ئەنسىرەپ ئۆي قۇشلىرىنى داۋالاش دوختۇرخانىسىغا بېرىپ مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ كۆرسەتتىم. كېيىن يېزىنىڭ پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل خادىمى چوجىنىڭ قېنىدىن ئەۋرىشكە دەمدۇ پەرۋىشكە دەمدۇ، ئىش قىلىپ بىر نىمىسىنى ئايرىپ ئېلىپ، شەھەردىكى بىر ئىدارىغا ئاپپىرىپ مەخسۇس تەكشۈرتۈپ كەلدى. ئۇنىڭ دىيىشىچە چوجە پېيىنىڭ يېشىل پەيگە ئۆزگىرىشىدە لويلىدىكى بىر خىل پارازىت ئېلمىنىت ئالاھىدە رول ئوينىغانمىش. بۇ خىل ئۆزگىرىش كېسەللىك ئەمەس، بەلكى پارازىت يىمەكلىكلەرنىڭ چوجە گېنىغا تەسىر قىلىشىدىن بولغان ئۆزگۈرۈشمىش. لويلا دىگەن ھەقىقەتەن ئاجايىپلا بىر پارازىت چۆپمىش، ئۇنىڭ ئۇرىقى مەيلى يۇقىرى ھارارەتتە بولسۇن، مەيلى تۆۋەن تېمپىراتىرىدا بولسۇن ھاياتى كۈچىنى يوقاتمايمىش. مال-چارۋا يىسىمۇ ئۇرىقى قورسىقىدا نەچچە كۈن تۇرۇپمۇ ھەزىم بولماي پۈتۈن چىقىدىغان گەپكەن. شۇڭا بۇ چۆپنى يىگەن مال-چارۋىنىڭ قىغىنىمۇ ئەتىگەندە ئېتىزلىققا چاچسا، چۈشكە قالمايلا شۇ ئېتىزلىققا مىچچىدىلا لويلا ئۈنۈپ چىقارمىش. لويلا ئۇرىقىنى يىگەن قۇشقاچ چىچىپ قويغان يەرگىمۇ مىچچىدە لويلا ئۈنەرمىش ....

تۇدىلەكنىڭ ھىچ ئىشەنگۈسى كەلمەي بېشىنى چايقىغاچ موخۇركا ئوراشقا تۇتۇندى.

ـ شۇنداق قىلىپ توخۇلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى، سېتىلىپ تۈگەي دىگەندە بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى. مىنىڭ بۇنداق «ئالتۇن تۆكۈلىدىغان دەرەخ» تىن ئايرىلىپ قالغىم يوق ئىدى. يەنە «چوجە سېتىۋېلىپ بېقىش كېرەكمۇ؟ ياكى سىڭگەن نانىنى يەپ بولدى قىلىش كېرەكمۇ؟» دىگەن مەسىلىدە كۆپ ئويلاندىم. ئاخىرى خوتۇنغا مەسلەھەت سېلىۋىدىم، ئۇ «تەشكىل بىكارغا بەرسە باقايلى، ئۆزىمىز پۇلغا سېتىۋېلىپ باقمايلى، ئۇنىڭدىن كۆرە چوجە باقمىز كېلىپ كەتسە مېكىيانلىرىمىزغا توخۇم باستۇرۇپ چىقارتايلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئويلاپ باقسام ئۇمۇ توغرا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ـ ماۋۇ توخۇخانىدىكىلەرى ئۆزۈڭلار باستۇرغىنى ئىكەندە ئەمسە؟

ـ شۇنداق بولمايچۇ، توخۇ دېگەن بىراقلا كۇرۇك بولمايدىغان ئىشكەن، دەسلەپتە بىر ئىككى توخۇغا تۇخۇم باستۇرۇپ بەردۇق، ئۇنداق بولسا ئايىنمايدىكەن دەڭلا، شۇڭا يەن-تېخنىكا خادىمىدىن مەسلەھەت سورىۋىدىم، بىر خىل سۈيۈقلۇق تېپىپ بەردى، ئۇ خىل سۈيۈقلۇقنى بىر ھەپتە ئۇدا توخۇ يېمى بىلەن سۈيىگە ئارلاشتۇرۇپ بەرگەن ئىدىم، يۈز نەچچەدەك مىكيان بىراقلا كۇرۇك بوپتۇ دېمەيسىلەر، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يىغىپ قويغان تۇخۇمنىڭ بارىنى ئون بەش، يىگىرمىدىن بۆلۈپ باستۇرۇپ بەردىم. كېيىن ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرۇپ، تېخىمۇ كارامەت مۆجىزە يۈز بەردى دېمەمسەن، نەچچە كۈن ئۆتمەي تۇخۇم بېسىۋاتقان مېكيانلاردىن نەچچە ئونى ئۇۋۇلۇقتىكى تۇخۇمنى بېسىپ ئۇزاق ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى. «نىمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ ئۇۋىنى تەكشۈرۈپ كۆردۇم، قارىسام باستۇرغان تۇخۇملاردىن ئىنچكە، ئۇچى يىڭنىدەك ياپ-يېشىل بىخلار ئۈنۈپ كېتىپتۇ. مېكيانلا كۈندىن كۈنگە توخۇمنى بېسىپ ياتمايدىغان بولىۋالدى. ئاقىۋەت يەنە تېخنىكلارنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. بىر ئەتتىگىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە پالاقشىپ بېرىپ ئەھۋالنى دىۋىدىم ئۇلار: «توخۇخانىنىڭ ئەتراپىنى قىلىن يالتاراق ۋە ئەسكى-تۈسكى كىگىز-پالازلار بىلەن مەھكەم چۈمكەپ، ئىچىگە مەش قويۇپ ئوت قالاشنى، توخۇخانىنىڭ تېمتۇراۋۇترسىنى .... »

ـ ھەي ئاداش «تېمتۇراتۇرا» ئەمەس تېمپىراتۇرا دېمەمسىلە مۇنداق- دېدى گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە جىم-جىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان تۇدىلەك «موخۇر» ئۆزىنى تۇتىۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ.

ـ ھە ھە، شۇ تېمتۇراتۇرا ... ياق،ياق! ئەستا ماۋۇ تىلىمىنىڭ كەلمىگىنىنى، نىمە دىدىڭلا بايا؟

ـ تېمپىراتۇرا،

ـ توغرا، شۇ توخۇخانىنىڭ تېمپىراتۇرسىنى 38 گىرادۇس ئەتراپىدا ساقلاش» نى ئېيتتى. قولۇمغا گىرادىك دېدىمۇ، بىرادىك دېدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۇستىگە مەن تونىمايدىغان سانلار بىلەن مىچچىدە سىزىق سىزىلغان، ئەينەك نەيچىلىك بىر نەرسىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. توخۇخانىغا ئېسىپ قويدۇم. لېكىن ئۇنى ئېسىپ قويغانغا توخۇخانا ئىسسىمايدىكەن. مەش قويۇپ ئوت قالىدىم. نەچچە كۈن ئۆتۈپ تۇخۇمدىن ئۈنۈپ چىققان بىخلار تېخىمۇ ئۆسۈپ، يىڭنىنىڭ ئۆتىدەك ئىككى قۇلاق بولدى. ئىسەنگىرەپ قارىسام ئۇ لويلىغىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، پەيگىمۇ زادىلا ئوخشىمايتتى. كۈندە نەچچە رەت قاراپ كۈزىتىمەن. دەل 17 كۈن بولدى دېگەندە كۆزەتسەم بىخلار شۇنچىلىك جانسىز مىدىرلاۋاتامدۇ ياقامنى چىشلىدىم. توخۇملارنى چەتنەپ قالمىسۇن دەپ خۇلۇم-خوشنىلارغىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. 20 كۈندەك بولغاندا تۇخۇملار يېرىلىپ، پۈتۈن بەدىنىنى ياپېيشىل يۇمران لويلاسىمان پەيلەر قاپلىغان چۈجىلەر چىقىشقا باشلىغاندا يەنە پاجىئە يۈز بەردى.

www.kitaphumar.net

ـ نېمە دەيسەن ھوي، چۈجىلىرىڭگە كېسەل تەگمىگەندۇ؟

ـ ئېغىزىڭلىنى ئۇشۇتمەي تۇرمامسىلەر مۇنداق، تۇخۇمدىمۇ ياتالمىغان، كۈرىكىمۇ تېخى تولۇق يېشىلىپ بولالمىغان مېكيانلار يۇپۇرلۇپ كېلىپ، ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلەرنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلىرىنىڭ يۇمران پەيلىرىنى چۇقىلاپ يەپ، نەچچە مىنۇتتىلا نەچچە ئون چۈجىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مىڭ بىر جاپادا مېكيانلارنى ئايرىپ چىقىرىپ باشقا بىر يەرگە سولاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈجىلەر ئاينىغانچە ھويلا، باغ-ۋارانلاردا توپ-توپ لويلا مايسىسى ئۇيىاقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرگەندەك مەنزىرە شەكىللەندى. بولغان ئىش مانا شۇ، قالغىنىنى سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ئەگەر سېنىڭمۇ توخۇ بېقىش بىلەن شۇغۇللانغۇڭ بولسا ئاۋال ئاۋۇ «يېشىل پەيلىك قېرى مېكيان» لاردىن ئون بەش، يىگىرمىنى تۇتۇپ بېرەي بېقىپ ئايندۇرۇپ بىلگىلا.

تۇدىلەك «موخۇر» جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇراتتى. ئۇنىڭغا جۈمەنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىلا «يالغان» دەك تۇيۇلىۋاتاتتى. لېكىن توخۇخانىدىكى تىنىمسىز رۇكۇلداپ ئالدىغا كەلگەننى چۇقىلىشىپ يۈرگەن توخۇلار «ئۇنىڭ دېگىنى بەرھەق» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ ئۇنى تەگسىز خىيالغا سېلىپ قويىۋاتاتتى.

ــ توخۇلارنىڭ خىلى كۆپىي سېتىپ چىقارغۇدەك بوپتىغۇ، نىمىشقا ۋاقتىدا سېتىپ چىقىرۋاتمايسەن؟ـ سورىدى تۇدىلەك «موخۇر» قايتەك يوغىناپ سەمرىپ كەتكەن نەچچە ئون توخۇنى ئىما قىلىپ.

ــ نىمىسىنى دەيسەن ئاۋۇ شەھەردىكى خاس توخۇ قورىمىسى قورۇپ ساتىدىغان خوجايىنلارمۇ ئارقا ئارقىدىن توخۇلىرىمنى سېتىۋالمىز دەپ خېرىدارلىق قىلغىلى تۇردى. بىر نەچچىدىن سېتىپ بەرگەنمۇ بولدۇم. خوجايىنلارنىڭ دېيىشىچە «يېشىل پەيلىك توخۇ» قورۇمىسىنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ، داڭلاپ تۇرۇپ يەيمىش، «قارا سۆڭەكلىك توخۇ» قورىمىسىنىڭ بازىرى كاساتلىشىشقا يۈزلەنگەنمىش. يېقىندىن بېرى «يېشىل پەيلىك توخۇ» گۆشى قورۇمىسىنىڭ داڭقى تېخىمۇ چىقىپ، بۇ ھەققىدىكى گەپ ئېتىزلىقتىكى لويلىنىڭ بىرسى ئون، ئونى مىڭ بولۇپ ئاۋۇغاندەك شەھەرمۇ-شەھەر، كوچىمۇ-كوچا، ئۆيمۇ-ئۆي ئاۋۇپ كىرگەنمىش، باغلاردىكى دەرەخلەردەك شاخلاپ، پۇتاق چىقارغانمىش، كىمدىكىم «يېشىل پەيلىك توخۇ» گۆشى قورۇمىسىدىن بىر ئاياق يەپ بولالىسا خۇددى نەچچە يىنەك بەك چەككەندەكلا خۇشخۇيلۇشۇپ،كۈلگۈنچەك بولۇپ كېتەرمىش، ناۋادا بىر جۈپ قانتنى بىرلا ئادەم يېسە شۇ ئادەم پەيدەكلا يەڭگىللەپ، شۇنچىكىلا سەكرەپ قويسا بەش ئالتە غۇلاچ يەرگە قاڭقىپ لەيلەپ چۈشەرمىش... « بوپتۇ، مەن مۇشۇنچە بولغىچە ھېچكىممۇ مېنى بىرەر قېتىم ماختاپ باقماپتىكەن، مۇشۇ توخۇلىرىم بولسىمۇ مېنىڭ نامىمنى چىقىرىدىغان بولدى، ئۇلارغا سېتىپ بەرسەممۇ بېرەي» دەپ ئويلاپ، ئىزدەپ كەلگەن خوجايىنلار بىلەن توختاملىشىپ بولغۇچە كەنت مۇدىرىمىز سامۇش نەدىن ئاڭلىغان يەردىن ئۇنگەندەكلا ھويلامغا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا باشقىچە

www.kitaphumar.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ:

ـ نـمه قلـىق بـۇ جۇمەخـۇن، توخـۇلارنى هـازىرچە سېتىشـقا بولمايـدۇ، بـۇ توغرىـدا يېـزا باشلىقىنىڭ مەخسۇس يوليورۇقى بار، بۇ خىل «يېشىل پەيلىك توخۇ» سورتىنى يېزا بويىچە كېڭەيتىپ، يېزىمىزنى مەخسۇس «يېشىل پەيلىك توخۇ» كۆپەيتىش كەسپى يېزىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە ئويلىشىۋېتىپتۇ، بـۇ تـۇر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىدىن ئۆتـۈپ، يۇقىرىغا دوكلاتمۇ يوللىنىپ بوپتۇمش. ئاۋال بىزنىڭ كەنتنى، بىزنىڭ كەنت بولغانـدىمۇ نەخ سىلىنىڭ ئـائىلىنى بىـر گەۋدە قىلىـپ، چوڭ بىـر توخـۇ فېرمىسـى قۇرىـدىكەنمىز، مانـا ئەمـدى سىلىنىڭ تېخىمۇ ئامىتىگلا كېلىدىغان بولدى. شـۇڭا ھـازىرچە بىـر قانـات چىچقاق چۈجىنىمـۇ سېتىشقا بولمايدۇ!ـ دەپ بىرمۇنچە ۋەز ئېيتىپ ساتقىلى قويمىدى.

ـ شۇنداق قىلىپ توخۇلارنى ساتالمىدىم دەڭلا، بۇمۇ بولغان يېـرى، نـاۋادا توخـۇ فىرمىسـى قۇرۇلۇپلا قالسا، ئەلۋەتتە سىلە فېرما باشلىقى بولىسىلە ـ دە، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا پېقىرنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلا جۇمۇڭ!ـ تۇدىلەك «موخۇر» ھىجارىدى.

ـ ئەلۋەتتە ھەمتاۋاقلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز ـ دە! بىز دېگەن گەرچە ئىككـى مەھەللىـدە بولساقمۇ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، بىرگە ئوينىغان، بىرگە قوي باققان، بىرگە توخۇ سوقۇشتۇرغان، يەنە ھەم بىرگە توخۇ باقىمىز. «يادا باققاندا دوست بولۇپ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلىپ كەتسەك» بولماس. بىز دېگەن نىملا بولمىسۇن بىر پەلەكنىڭ خەمكى، بىر ئازگالنىڭ لېيى، بىر تۈپ دەرەخنىڭ يانداش شاخلىرى تۇرساق.

جۇمە «خوراز» نىڭ گېپى خـۇددى كىتـاب ئوقىغانـدەكلا ئاڭلانـدى. لـېكىن ئـۇ راسـتىنلا غەرەزسـىز، سـەمىمىي گـەپ قىلغـان ئـىدى. تـۇدىلەك «موخـۇر» نـىڭ كـۆڭلى ۋىللىـدە ئىللىـپ قالغاندەك بولدى. ئۇ جۇمە «خوراز» نىڭ ئاغزىدىن بۇنداق خام قايماقتەك گەپنىڭ چىقىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ جۇمە «خوراز» دىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ قالغانـدەك بولـدى. تۇرۇپلا ئىلگىرىكى باش ئەتيازنىڭ ئەگىزگە ئوخشاش لايقىپ ئېقىپ كەتكەن مەنىسىز كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

7

ساموش مۇدىر بىلەن سادىق بامداتتىن كېيىنلا كەنـت تەشـكىلى ئىشخانىسـىغا كېلىـپ، بۈگۈن ئەتتىگەندە ئېچىلىـدىغان مەجلىسـنىڭ تەييارلىقىغـا چۈشـكەن ئـىدى. مەجلىسـكە يېـزا رەھبەرلىرىمۇ قاتنىشىدىغان بولغاچقا پۇختىراق تەييارلىق قىلمىسا بولمايتتى. ئۇلار ئاۋال مەجلىس سەھنىسىگە تاللىغان يەرگە ئوتقاشتەك خوتەن گىلىمىـدىن بىرنـى سـالدى، ئانـدىن كەنتنىـڭ كىچىك مەجلىسخانىسىدىن ئۇزۇن شىرەدىن ئۈچنى، ئورۇندۇقتىن بەش، ئالتىنى ئېلىپ چىقىپ

www.kitaphumar.net

«تۆر» گە قاتار تىزدى. شىرە ئۈستىنى ئۇزۇن كۆك كاتەكچە لاتا بىلەن ياپتى. سامۇش مۇدىر پات-پات سادىقنى ئالدىرىتىپ مىكرافۇن، ياڭراتقۇ قاتارلىق ئاۋاز ئۈسكىنىلىرىنى چېتىپ تەييار قىلدى. تونۇلغۇن كەچتە تەييارلاپ قويغان پىلاكاتنى تامغا يۇپۇشتۇردى. ئەمدىكى گەپ يېزا رەھبەرلىرى ئەتتىگەنرەك كەلسە، كەنت ئەزالىرىمۇ دەل ۋاقتىدا يىغىلسىلا بولاتتى.

كەنت ئەزالىرى بىرلەپ، ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىغاندا كۈن ئېگىز ئاش ۋاقتى بولغان ئىدى. لېكىن يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

- يېزا رەھبەرلىرى كەلمەيمۇ قالارمۇ يا سامۇش مۇدىر؟ كۈن چۈش بولاي دېدى مانا- سادىق سامۇش مۇدىرنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى.

- مېنىڭچە ئۇنداق بولمايدۇ، تۆنۈگۈن ئېنىق ئېيتقان تۇرسا، بىزمۇ ئەنە شۇلارنىڭ يوليۇرۇقى بويىچە ئەزالارغا ئۇختۇرۇش قىلىپ، مەجلىس تەييارلىقنى تەخلەپ قويغان تۇرساق، ئەگەر ئۆزگىرىش بولىدى دىگەندىمۇ تېلفۇن قىلىپ خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى. بىلىسىلەغۇ، يېزا باشلىقىمىز پەرھات ئۇنداق گېپىدە تۇرمايدىغانلاردىن ئەمەس.

ــ دەيمىنا، « خاننىڭ ئاغزى مايمۇن» دەيدىغان گەپ بار ئىكەنغۇ؟ بىز بۇ يەردە ئادەملىرىمىزنى يىغىپ، تەخ قىلىپ قويۇپ ئۇلارنى ساقلاپ، ئۇلار قانداقتۇر بىر «موھىم ئىش» بىلەن نەلەردىدۇر يۈرۈپ، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن دەيمىنا ئۆتكەنكىدەك.

- ئۇ دىگەن ئۆتكەنكى گەپ، بۈگۈنكى مەجلىس ئىنتايىن مۇھىم مەجلىس، كەنتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىشنى بەلگىلەيدىغان مەجلىس بۇ، شۇڭا ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ.

- كەلسە بالدۇرراق كەلگەن بولسا ياخشى بولاتتى، ئەتتىگەنراق كەلگەن ئەزالارنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك بىر، ئىككىدىن كېتىشىۋاتامدۇ ئەينا، ھېلى يىغمىقىمىز تەس بولارمىكىن؟

- قانداق قىلىمىز ئەمىسە، دېھقان دىگەننى مال-چارۋىدەك سولاپ قويغىلى بولمىسا، كەتكىنى كېتىپ،قالغىنى قالار- سامۇش مۇدىر نىمىنىڭدۇر گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى. ئۇ ھىلدام-ھىلدام مېڭىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، قىچقىرىشقا تەييارلىنىۋاتقان خۇنەن خورىزىدەك بويىنىنى سوزۇپ، چوڭ يولغا قارىدى.

- كېلىۋاتىدۇ، ھاي سادىقجان قېنى سىلە، شاپ بولۇڭلا ئەزالارنى تەرتىپكە چاقىرىڭلا، دەرھال مەيدانغا يىغىلىپ ئورۇن ئالسۇن!ـ دېدى سامۇش مۇدىر دەرۋازا ئالدىدىن پالقىشىپ كىرىۋېتىپ. ئۇ سەل جىددىلەشكەندەك قىلاتتى.

- ھاي مامۇتاخۇن، ئا چۆرەڭلىدىكىلەرگە دەڭلا مەيدانغا كېلىپ ئورۇن ئالسۇن! ھاي داۋۇتۇم، سىلىمۇ شۇ، بىر بىرلەپ چاقىرمىسامۇ بولا- يىغىن ئەھلى تېخى بىر يەرگە جەم بولۇپ بولماستىلا قارا رەڭلىك سانتانا كەنت تەشكىلى قوروسىغا كىرىپ، ئەنسىز چىقىراپ توختىدى.

- هە، تەييارلىقلار پۈتكەندۇ سامۇش مۇدىر؟ مۇھىم بىر ئىش بىلەن سەل گاھ قالدۇق،

www.uyghurkitap.com


ئادەملىرىڭلار يىغىلىپ بولغان بولسا جىددى تۈتۈپ تۈگەتمىسەك بولمايدۇ مەجلىسنى- دېدى يېزا باشلىقى پەرھات ماشىنىدىن چۈشە-چۈشمەيلا سالام-سائەتنىمۇ ئۇنتۇپ. سادىقنىڭ ئاتايىن كېلىپ، مۆكچىيىپ تۇرۇپ كۆرۈشكىلى تەڭلەنگەن قوللىرى پەرۋاسىز ھاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى.

- تەييارلىق چېستەك، ھەر قايسىلىرىنىلا ساقلاپ تۇرغان شۇ.

- تەييارلىق پۇختا دېيىسلە يۇ، ئادەملىرىڭلارنىڭ يىرىمى يوققۇ؟ بۇنداق بولسا قانداق ئاچىمىز بۇ مەجلىسنى، دەرھال ئەزالارنى تولۇق يىغمامسىلە قاراپ تۇرماي- دېدى پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل ئورۇنباسار يېزا باشلىقى تىلۋالدى موساق مەيداندىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن. ئۇنىڭ چىقىر كۆزلىرى يەنە كىملەرنىدۇ ئىزدەۋاتقاندەك بىر ئۇۋاقتا، بىر بۇياققا ئاغدۇرۇلاتتى.

- شۇنداق، كەنتتىكى ئۇششاق-چوڭ، پىششىق-توڭ ھەممەيلەن قاتنىششى كېرەك بۇگۈنكى مەجلىسكە، قېنى ئايىقى ئىتتىك بىرسىنى چاپتۇرۇڭلا، كەلمىگەنلەرنى يىغىپ كەلسۇن!- دېدى يېزا باشلىقمۇ تەكىتلەپ.

- ھەي شاداخۇن بارمۇسلە؟ نەگە كەتتى بۇ «شادا پاچاق»، بارمۇ سىلە ھوي؟- سادىق ئەتراپقا قاراپ ۋارقىرىدى.

- مانا مەن بار مۇدىر، قانداق تاپشۇرۇق باركىن؟- ئۇرۇق، ئېگىز بوي سۇپۇرگە قوناقتەكلا ئۆزۈن پاچاق بىرسى چېكىۋاتقان موخۇركىسىنى تاشلاپ سادىقنىڭ ئالدىغا پەيدا بولدى.

- كۆرمەمسەن ئاۋۇ داۋۇت، ئاۋۇت، تاھىر قاتارلىق بىر قىسىم پېتىر قۇلاقلار مەجلىسكە كېلىپ بولالمايۋاتىدۇ، سېنىڭ قەدىمىڭ چوڭ، ئايىغىڭ چاققان بولغاندىكىن بوراندەك ئۇچۇپ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ بىرسىنى قالدۇرماي يىغىپ كەل- دېدى «شادا پاچاق» نىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

يېزا باشلىقى ئېغىزىدىكى تاماكا ئىسىنى پۈلىۋېتىپ، كالتە يۆتەلدى، ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇن كۆرىنەتتى. «ھۇ كاساپەت، قاراپ تۇرۇپ ‹بوراندەك ئۇچۇپ› دەيدۇيا ئەتراپقا قاراپراق سۆزلىمەي، پەرھاتجان ئاڭلاپ قالدى-دە، ئېغىزىڭدىن بالاغا قالمىساڭ بولاتتىغۇ ئاخىر» دەپ ئويلاپ قالدى سامۇش مۇدىر يېزا باشلىقىنىڭ كالتە يۆتىلىنى باشقىچىرەك چۈشۈنۈپ.

- سادىقاخۇن بولۇڭلا، ئىشخانىغا كىرىپ زۇۋۇكنى ئېچىڭلا، شاداخۇنغىلا قاراپ تۇرمايلى- دېدى سامۇش مۇدىر «شادا پاچاق» چىقىپ كەتكەندىن كېيىن. ئۇمۇ سادىقنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. كەنتنىڭ ھەر قايسى دوقمۇشلىرىغا ئورنىتىلغان زۇۋۇكلار ئىشخانىدىكى باش ئاپاراتقا ئۇلاقلىق ئىدى. زۇۋۇك ئاچ قالغان روچىشىدەك بوغۇق گىزىلدىدى. «كۇغ، كۇغ، كۇغ» دەپ پۈلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىن سامۇش مۇدىرنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ياڭرىدى:

- يولداشلار دىققەت قىلايلى، يولداشلار دىققەت قىلايلى!!! ماۋۇ گەپكە قۇلاق سالايلى!-

كەنتنىڭ قايمىقى ئېلىشىلىنغان سۈتتەك سۈزۈك ئاسمىنىدا، سامۇش مۇدىرنىڭ تاش يولدا تولۇق سۆرەتكەندەك گـۈركىرەك ئـاۋازى جـاراڭلاپ كەتتى ـ بـىز بۈگـۈن كەنـت قوروسـىدا مەجلـىس بولىدىغانلىقنى تۆنۈگۈنلا ئۆيمۇ ـ ئۆي دوقۇرۇپ ئۇقتۇرغان ئىدۇق، بەزى يولداشلار قاق پودىلا كېلىپ بولدى، بەزىلەر كېلىپ كېتىپ قېلىشتى، ھە، كېتىپ قېلىشتى! يەنە بەزى پىتىر قۇلاقلار تېخىچە ئۇيقۇڭنى ئېچىشمايۋاتسەن، ھە ئېچىشمايۋاتىسەن! بۈگۈنكى مەجلىس ئىنتايىن مۇھىم مەجلىس! مەجلىسنى يېزا باشلىقى پەرھاتجان ئـۆزى ئاچىدۇ، ھە يېـزا باشـلىقى ئاچىدۇ! يېـزا باشلىقى كېلىـپ سـاقلاپ تـۇرغىلى نەۋاق! ھە! مـاۋۇ ھـازىرغىچە ئۇيقۇسـىنى ئاچالماي، مالچاق خۇتۇنلىرىڭنىڭ يوتىسىغا ئوسۇرۇپ، ساغراڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ ياتقانلىرىڭ ئۇيقۇڭنى دەرھال ئاچ! كۆنگە قاراپ بېقىش، ھە قاراپ بېقىش! نەچاغ بولۇپتۇ، ما ئۆزمىلىكىتىكى بىزنىڭ تۇدىلەك ساراڭ جېنىدا ئۆچكە ـ قويلىرىنى يايلىتىپ بولـۇپ، مەجلىسـكە تەخ بـولغىلى نېچـاغ، ھەشـەك دوڭغـاق جېنىدا ئۇمىچىنى ئىچىپ، توخۇلىرىغا دان بېرىپ مەجلىسكە كېلىپ بولـدى! ھە، ئـاۋۇ ھـورۇن خوتۇنلۇرۇڭ چاپلىشىۋالسىمۇ بىردەملىككە ئىتتىرۋېتىپ، ما مەجلىسـكە كـېلىش! ھە مەجلىسـكە كېلىش! كىمدىكىم مەجلىسكە كەلمىسە ئىككى كۈن ھاشاغا ئىشـلەيدۇ ھەم 50 كـوي جەرىمـانە تولەيدۇ، ھە! جەرىمانە تۆلەيدۇ! ئەتتىگەندە بىر قېتىم كېلىـپ كېتىـپ قالغـان مىدىراشـىملارمۇ قـاچىللىرىڭنى يـالاپ، قـازىنىڭنى قىرىـپ ئولتـۇرۇۋەرمەي مەجلىسـكە كـېلىش! ھە، مەجلىسـكە كېلىش! «بۇرۇتتىكى ئاشقا قورساق تويمىغان» دەك، كەچكىچە ئولتۇرۇپ چۆمۈچ يـالاپ، قـازان قىرغانغا قورساق تويمايدۇ! ھە، تويمايدۇ! بۈگۈنكى مەجلىس قورسـاقنى تويغـۇزۇپ، يـانچۇقنى تومپلاشنىڭ چارىسىنى مۇزاكىرىلىشىدىغان مۇھىم مەجلىس! ھە، مۇھىم مەجلىس! ماۋۇ ئەينەككە قـاراپ، قاشـلىق ئېتىـپ، ئوسـما قويۇشـۋاتقان قاشـاڭلارمۇ، بۈگـۈن تويغـا بارىـدىغان ئىـش بولمىغانـدىكىن قولۇڭـدىكى قاشـلىق ـ پاشـلىق، ئوسـما ـ پوسـمىللىرىڭنى جايىغـا قويـۇپ، ئـاۋۇ مىدىراشـىملىرىڭنى ئالـدىڭغا سـېلىپ مەجلىسـكە كـېلىش! ھە مەجلىسـكە كـېلىش! بولمىسـا ئىنجىمارۇق ئەزمايلالىرىڭنى ئەتىلا ھاشارغا ھايداپ، ئوسـما ـ پوسـمىلىرىڭنى ئوبدان قويـۇپ قويىمىز! ھە، ئوبدان قويۇپ قويىمىز ! ....

سامۇش مۇدىرنىڭ ئاۋازى بارغـانچە ئەتيازنىـڭ بورىنىـدەك كۈچىيـۈپ، تېخىمـۇ قايناشـقا باشلىۋىدى، ئورۇنباسار مۇدىر سادىق ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ قويىدى. سامۇش مۇدىر سۆزدىن توختاپ «نىمە بولدى؟» دىگەندەك سادىققا قارىغـان ئىـدى، سـادىق سـەل ـ پەل ھېجاراپ تۇرۇپ سېرتنى شەرەت قىلدى. سامۇش مـۇدىر كۆزىنىـڭ ئـاق پاختىسـىنى چىقىرىـپ سادىققا بىر قارىۋېتىپ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. زۇۋۇكنىڭ گىژىلداۋاتقان ئاۋازى شىپپىدە ئۆچتى.

ـ ھەيـۋە دىـگەن خىلـى بـار جۇمـۇ سـىلىدە سا مـۇدىر، ئـاۋازىڭلا پۈتـۈن كەنـتكە چـىپلا كېلىدىكەن، مۇشۇ ئاۋازىڭلىنى ئۆلۈكلەر ئاڭلىسىمۇ تىرىڭگىدە چۆچۈپ تۇرۇپ كەتكىدەك ـ دېدى

www.uyghurkitap.com



ئورۇنباسار يېزا باشلىقى تىلۋالدى موساق بىر خىل مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر سۆزۈڭلا ئۈژمىنىڭ ھالۋىسىدەكلا شېرىن ـ شېكەر.

ــ بۇ، بۇ! ياقەي ئۇنچىمۇ ئەمەستۇ، بىزدەك بەدرەكلىدە ھەيۋە نىمشقىلسۇن، شۇ ھەرقايسىلىرىنى ساقلاپ كەتمىسۇن دەپ سەل چىڭقىلىپ قالدىم، شۇنداق قىلمىساقمۇ بولمايدۇ بۇ ياغاچ قۇلاقلارغا، بولمىسا گەدەنگە مىنىدىغان گەپ، شۇنداقمۇ سادىقاخۇن؟ ـ دېدى سامۇش مۇدىر دۇدۇقلاپراق.

دېھقانلار بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ پۈتۈنلاي كېلىپ بولغاندا مەجلىس باشلاندى. ئورۇنباسار يېزا باشلىقى تىلۋالدى موساق مەجلىسنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، مەجلىسنىڭ مۇھىملىقى، مەقسىدى، ھەممەيلەننىڭ ئەستاھىدىل ئاڭلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، تەرتىپ بويىچە يېزا باشلىقى پەرھاتنى «مۇھىم سۆز» قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ـ دىققەت قىلايلى، ئاۋۇ ئارقا تەرەپتىكىلەرمۇ ئېغىزىمىزغا ھېزى بولايلى، ھە، ھېزى بولايلى. بايا يولداش تىلۋالدى موساق ئېيتقاندەك بۈگۈنكى مەجلىس ئىنتايىن مۇھىم «دەۋر بۆلگۈچ» مەجلىس، ھەممىمىز بېشىمىزنى سەگەك تۇتۇپ گېپىمنى ئەستاھىدىل ئاڭلاڭلا، ھە ئەستاھىدىل قۇلاق سېلىڭلا. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك يېزىمىز يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان توخۇ باقمىچىلىقىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ كەلدۇق، ئەلۋەتتە مەغلۇبىيەتكىمۇ، غەلىبىگىمۇ ئېرىشتۇق. يەنە مۇئاييەن تەجرىبىمۇ توپلىدۇق. بۇنىڭغا بىزنىڭ جۇمە «خوراز» مىسال بولالايدۇ. ئۇ بىزگە يېڭى بىر يولنى ـ بېيىشنىڭ ھېچكىم مېڭىپ باقمىغان پارلاق بىر يولىنى ئېچىپ بەردى. بىز مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جۇمە «خوراز» نىڭ تەجرىبىلىرىنى يەنىمۇ يەكۈنلەپ، پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە كېڭەيتىشنى قارار قىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات يازغان ئىدۇق. نۇرغۇن دەلىللەشلەردىن كېيىن ناھىيە دوكلاتىمىزنى تەستىقلىدى. شۇڭا بىز سىلەرنىڭ ئۈيتېتىر كەنتىنى تەجرىبە نوقتىسى قىلىپ، «دېھقانلار ھەمكارلىقىدىكى ‹يېشىل پەيلىك توخۇ› پېرمىسى» قۇرۇپ، كەنتىمىزنى ئاساس قىلغان ھالدا پۈتكۈل يېزىمىزنى «يېشىل پەيلىك توخۇ» بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچىمىز. بۇ يېزىمىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق چارە. بۇنى جۇمە «خوراز» نىڭ بۇ يىللىق توخۇ سودىسىدىن تاپقان كىرىمى دەلىللەپ بەردى. پېرما قۇرۇشنىڭ كونكرېتنى چارە ـ تەدبىر، قەدەم باسقۇچ ۋە پايدا ـ مەنپەئەتى توغرىسىدا ئورۇنباسار يېزا باشلىقى تىلۋالدى موساق تەپسىلى توختىلىدۇ...... ـ يېزا باشلىقى خېلى ئۇزۇن سۆزلىگەندىن كېيىن ئەمدى گەپ سىلىگە قالدى دىگەندەك تىلۋالدىغا قارىدى. تىلۋالدى ئالدىدىكى مىنرالنى سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن، «باشلايمەنمۇ» دىگەندەك نەزەردە يېزا باشلىقىغا قارىدى. يېزا باشلىقى بېشىنى بىلىنەر بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ مېكرافۇننى ئالدىغىراق تارتىپ، ئىككى ئۇچىنى پۈلەپ بېقىپ سۆزىنى باشلىدى:

ـ يۇقىرىدا يېزا باشلىقىمىز ئىنتايىن موھىم سۆز قىلىپ، يېزىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى

www.kitaphumar.net

تەرەققىيات يۆلىنىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. مەن تەكرارلاپ يۇرمەيمەن. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى جۇمە «خوراز» بۇ يىل خېلى ئوبدان بېيىدى، نىمىگە تايىنىپ؟ توخۇغا ـ «يېشىل پەيلىك توخۇ» غا، تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىدى. ئۇ ساۋاتسىز تۇرۇپ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى ئوبدان ئۆگىنىپ بىزمۇ بېيىشىمىز كېرەك. قانداق بېيىيمىز؟ پېرما قۇرۇپ. بەش،ئون ئائىلە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق ئائىلەنى بىر گەۋدە قىلىپ كوللىكتىپ بولۇپ تەشكىللىنىپ، «يېشىل پەيلىك توخۇ» مېرمىسى قۇرىمىز. مەبلەغ تەڭ چىقىرىلىدۇ، پايدا ـ زىيان تەڭ تەقسىملىنىدۇ، ئەمگەك كوللىكتىپ بولىدۇ. پېرما قۇرۇشنىڭ مۇنداق بەش تەرەپتىن پايدىسى بار: بىرىنچىدىن، توخۇ گۆشى بولۇپمۇ «يېشىل پەيلىك توخۇ» گۆشى بازارلاردا ئەتىۋارلىق بولىۋاتقان «يېشىل» يېمەكلىك بولۇپ قالدى، تېز سېتىپ چىقىرالايمىز؛ ئىككىنچىدىن، مېكىيانلىرى تۇخۇم تۇغىدۇ، بۇ خىل «يېشىل» تۇخۇمنىڭمۇ بازىرى ئىتتىك...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مەيداندا كۇسۇر ـ كۇسۇر ئەۋجىگە چىقتى.

ـ ھەي ئاڭلىدىڭمۇ ئاۋۇ كاتىۋاش «يېشىل تۇخۇم» دەيدا، سەن توخۇنىڭ «يېشىل تۇخۇم» تۇغقىنىنى كۆرگەنمۇ؟ مەن تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە توخۇنىڭ «يېشىل تۇخۇم» تۇغقىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئادەم گۆللەيدىغان گەپ قىلامدۇ نىمە، ئۇلار؟ـ پىچىرلىدى داۋۇتتەم تۇدىلەك «موخۇر» نىڭ قۇلىقىغا.

ـ شۇ ئەمەسمۇ، مەن «خوراز» نىڭ توخۇلىرى تۇغقان تۇخۇملارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، نەدە «يېشىل تۇخۇم» تۇغىدۇ، ھەممىسلا ئاق تۇخۇم ـ دېدى «موخۇر» مۇ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ ـ سېرىكچىنىڭ يالغان تۇخمى بولمىسا يا كۆزنى غەلەت قىلىپلا رەڭگارەڭ ئۆزگەرتىۋالدىغان.

ـ كالتە پاراڭلارنى توختىتايلى! يا مەن سۆزلەي، يا سىلە سۆزلەڭلا ـ تىلۋالدى قايتا ـ قايتا ۋاقىرىغاندىن كېيىن پاراڭ سەل بېسىقتى ـ ئۈچۈنچىدىن، توخۇ مايىقى تەبئى «يېشىل» ئوغۇت، ئېتىزلىرىمىزغا خېمىيىۋى ئوغۇت چېچىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، توخۇ پەيلىرى تەبئى «يېشىل» ماموق، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ خېلى يۇقىرى؛ بەشىنچىدىن، ئېتىزلىقلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئوتاشتىن قۇتۇلۇپ قالىمىز، چۈجىلەر تەبئى«يېشىل» ئوت ئوتاش ماشىنىسىدۇر. دىمەك، «يېشىل پەيلىك توخۇ» باقمىچىلىقى بىزگە قوشلاپ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان، تېز بېيىتىدىغان كۇزۇر كەسىپ. ئۇنىڭدىن باشقا .... ـ ئۇ يەنە نىمىلەرنىدۇ دىمەكچى ئىدى، يېزا باشلىقىنىڭ گېلىنى قىرىشى بىلەن توختاپ قالدى. مەيداننى يەنە پىر پەس ئۇشاق پاراڭلار قاپلاپ كەتتى. دېھقانلار نىمىلەرنىدۇ تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ـ يېزا باشلىقى راست دەيدۇ، ئاشۇ جۇمە «خوراز» دەك توخۇ سارىڭى بېيىغان يەردە بىز بېيىيالماي قالاتتىقمۇ؟ توخۇ دىگەننى ئوبدان بېقىپ، تۇخۇملىتىپ ساتساقمۇ، «خوراز» دەك

www.kitaphumar.net

www.uyghurkitap.com

تۇخۇم باستۇرۇپ چۆجە چىقارتساقمۇ پۇل-دە!- دېدى كەنت بوغالتىرى نىزامىدىن تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئەتراپىدىكىلەرگە.- ئاڭلىسام يېزىدىكىلەر چۆجە ساتقۇچىلار بىلەن توختاملىشىپ بولغانمىش، بىر قانات چۆجىنى ئون كويدىن سېتىۋالارمىش، ئۇنىڭ يەتتە كويىنى بىز، ئۈچ كويىنى يېزا چىقىرىپ تۇرارمىش، باي بولغاندا قايتۇرغىدەكمىشمىز ...

- نىمە دېدىڭ، ئون كويدىن دېدىڭما؟ ھەي، مەن ئالتە كويدىن دېگۈدەك ئاڭلىغان ئىدىم، ئەجەپ بۇگۈن ئون كوي بولۇپ قاپتا؟ مۇشۇ باھادا چۇقۇم بىر گەپ بار جۇمۇڭ!- دېدى تۇراپ توڭگۇز نىزامىدىننىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

- بەلكىم باھاسى ئۆسۈپ كەتكەندۇ تۇراپاخۇن، چۆجە قىممەترەك بولسىمۇ كاتىۋاشلارنىڭ ئويلىغان چارىلىرى خېلى بولىدىغان چارىدەك قىلىدۇ، لېكىن شۇ بىز چىقىرىدىغان مەبلەغ نەدە؟- دېدى بارىتەم نىزامىدىنغا قاراپ.- بىر قانات چۆجە يەتتە كوي بولسا 1000 قانات چۆجە دېگەنلىك يەتتە مىڭ كوي دېگەن گەپ، 1000 قانات چۆجە بىلەن بىر پېرمىنىڭ بىر شىېخى بولغىلى بولامدۇ يوق؟ بۇ بىر مەسىلە.

- پاراڭنى توختىتايلى يولداشلا، پاراڭ سالمايلى.- دېدى ساموش مۇدىر كىشىلەرنى دىققەتكە چاقىرىپ.- گەپ بولسا بىر-بىرلەپ قىلىشايلى، سورايدىغانلارمۇ ھۆپۈپتەك كۆسۈلداشماي ئۇچۇق-ئاشكارا پىكىر قىلىشايلى! ھەي تۇرۇپاخۇن نىمە دېگەن جىق گەپ بۇ، ئېغىزىڭلىغا ماز تىقىپ قويغۇدەك بولدۇم شۇ تاپتا، يېزا باشلىقىنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىدى دەيمەن.

ھەممەيلەن يەنە جىم بولدى، تىلۋالدى سۆزلەپ نەگە كەلگەنلىكىنى بىلەلمىگەندەك بىر دەم جىم بولۇپ قالدى، ئۇياق يۇاققا بىر قارىۋېتىپ، ھايۋانچا تېشىدەك سوقچاق، ئالا ئۇنىگەن بۇغداي مايسىسىدەك شالاڭ، جانسىز چاچلىق بېشىنى تاتلاپ قويۇپ گېپىنى قىردى:

- شۇنداق قىلىپ «بېشىل پەيلىك توخۇ» پېرمىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىپ كەنتتە سىناق قىلىمىز. ھەر بىر ئائىلە باشلىقلىرى ھازىردىن باشلاپ ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ، كىمنىڭ ئائىلىسى يەنە كىملەرنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلىككە كېلىپ ھەمكارلىق پېرمىسى قۇرۇپ چىقالايدۇ؟ پېرمىغا كىم مەسئۇل بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟ مەبلەغ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟... دېگەندەك بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى ئويلۇشۇپ قويىشى كېرەك. بۈگۈندىن باشلاپ كەنت كومىتېت كادىرلىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ، ھە ئىشلەيدۇ، ئالدى بىلەن كەنت ئەزالىرىنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ دەسلەپكى لاھىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بارلىق كەنت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپ ماسلىششىنى ئۈمىد قىلىمەن.- تىلىۋالدى ئەمدى گېپىم تۈگىدى دېگەندەك، سەھنىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ مىنرالنى سۇدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى.

- باياتىندىن بېرى كۇسۇرلاشقانلار، گېپى بولسا ئەمدى بىر بىرلەپ ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.- دېدى يېزا باشلىقى چېكىۋاتقان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئارقا تېرىپىگە پىڭگىدە

www.kitaphumar.net

چۆرىۋېتىپ.

ــ پېرما قۇرۇشقۇ بەك بەلەن ئىشتەك قىلىدۇ، لېكىن قولىمىز سەل قىسقا، چۆجىنىڭ باھاسىمۇ ئانچە تۆۋەن ئەمەسكەن، شۇ مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي قالىمىزمىكىن ـ دېدى بارىتەم تېرىلىرى چىپەرقۇتتەك يول ـ يول تۈرۈلۈپ كەتكەن گەدىنىنى تاتىلاپ.

ـ مەبلەغ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاز ـ تولا قول ئىلكىدە بارلار ساندۇقنىڭ تېگىدىكىنى چىقىرىپ، كېمىگە بىر ئامالىنى قىلىپ تولۇقلاپ جەملەپ، مەبلەغنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ، قولىدا ھېچنېمىسى يوق، ئۆزى زادى ھەل قىلالمايدىغانلارغا پېرمىغا مەسئۇل بولغۇچى يەنى پېرما باشلىقى بولغان كىشى كېپىل بولۇپ قەرز ئېلىپ بېرىدۇ، يىل ئاخىرىدا تەخسىم بولغان پايدىسىدىن قايتۇرسا بولىدۇ ـ دېدى چۆشەنچە بېرىپ تىلۋالدى.

بىر قارىماققا يېزا رەھبەرلىرىنىڭ ھەر بىر جۈملە گېپى شۇنچىلىك ئورۇنلۇقتەك بىلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر خىل سەپسەتە ئىدى. نىمىشقىكىن، مۇشۇ زاماندىكى بىر قىسىم يېزا ـ كەنت ئەمەلدارلىرى شۇنداق قۇرۇق سەپسەتىلىرىنى بازارغا سېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇلار ئۆز قاراشلىرىنى پىرىنسىپلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ماھىر. بەزى چاغدا ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئۇنتىغان ھالدا، كىم ئۈچۈن نىمە دەۋاتقانلىرىنى ئۆزلىرىمۇ ماھىيىتىدىن چۈشەنمەستىن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدۇ. كۆز ئالدىدىكى رىياللىققا ماس كەلمەيدىغان ماددىي مەنپەئەت قوغلۇشۇش؛ روھى تۇرغۇنلۇق، شەخسى غەرەزنىڭ ئامىۇلىقتىن غالىپ كېلىشى؛ كىشىلىك قاراش، ئادىمىيلىك ئېتىقادنىڭ سۇسلىششى ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزىنى خىرەلەشتۇرگەن، ئىدىيىسىنى چىرمىغان. بەزىلىرى ھەتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن قاياش بولغان ساددا دېھقانلارنىڭ سېخىي ھېممەتلىرىگە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ،يەنە دېھقانغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلاردىن خالى بولالمايدۇ. كۆڭلى ـ كۆكسى دەرىيادەك كەڭ، ئاق كۆڭۈل دېھقاننىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەر قىلىدۇ، ھۆرمىتىنى خەس قىلىدۇ، بۇ تۈزنى يەپ تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولماي نىمە؟! شۇنداق، ئۇلارغا پەقەت ئۆزلىرىلا بولسا بولدى. ھەر قانداق ۋاستە بىلەن ئۆزىنىڭ دىگىنىنى دىگەن قىلسا، ھەتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەممىنى ۋەيران قىلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس! ئۇنداق بولمىسا بىر قانات چىچقاق چۆجىنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولۇپ قالارمىدى؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار شۇنداق قىلسىلا سەھرايى قىيامەتتە ئەمەلدار بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئەپسۇس! بىزنىڭ كۆپ قىسىم دېھقانلىرىمىز بۇنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرمەيتتى. ھېس قىلسىمۇ «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماسلىق» ئۈچۈن بېشىنى يۇپۇرۇپ ئۆتنىۋېرەتتى.

ـ جۇمەخۇنغا، ياق، ياق، ماۋۇ بىزنىڭ جۇمە بايغا كەنت مەسئۇل بولۇپ تۇخۇخانا سېلىپ بەرگەندەك بىزگىمۇ تۇخۇخانىنى كەنت سېلىپ بېرەمدۇ يا؟ ـ سورىدى ئاۋۇت «شاگخو»، چەت ـ چۆرىسى قىرچىلغان مايماق تەلپىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ.

ـ ھازىرچە ئۇنداق قىلىپ بېرەلمەيمىز، كەنت مالىيەسى قۇپقۇرۇق، چۆجىگە بېرىدىغان

www.uyghurkitap.com

پۇلنىمۇ قەرز ئېلىپ ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىمىز- دېدى سامۇش مۇدىر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.
- بىزنىڭ توخۇخانىمىز بولمىسا نەدە باقىمىز چۈجە دېگەننى؟ بولدى يەنىلا بۇغداي-قونىقىمىزنى تېرىساق بولغىدەك- دېدى تۇراپ توڭگۇز پېشىنى قېقىپ- جۈمە «خوراز» توخۇ باقسا چۈجىسىنى ھۆكۈمەت موتتىن بېرىدۇ، كەنت توخۇخانا سېلىپ بەرگەننى ئاز دەپ يەم-خېشىكىگە ياردەم پۇل ئاجرىتىپ بېرىدۇ، بىزگە كەلگەندە ھېچنىمە بولمىسا، بۇ ... بۇ... بولدى مەن پېرمىغمۇ ئەزا بولمايمەن، چۈجىمۇ باقمايمەن، يەنىلا بۇغداي-قونىقىمنى تېراي.
- ماۋۇ گېپىڭلا تازا ئوبدان بولماي قالدى تۇرۇپاخۇن، توخۇخاناڭلار بولمىسا ۋاقتىنچە ساراي ئۆيىڭلىنى ياكى ئىچكىرى تاشقىرى ئۆيىنى بىر قىلىپ، ئۆينىڭ تېگىدىكى زەي تـوپىلارنى چىقىرۋېتىپ، يېڭىدىن قۇرۇق قوم-شېغىل تۆكۈپ، تاملىرىنى ھاكلاپ دېزىنپېكسىيە قىلىپ، ئوچاقلىرىنى رېمونتلاپ ئوت قالىغۇدەك قىلىپ قويۇپ، بېقىپ تۇرساڭلا بولمىدىمۇ، ھەممە ئىشنى بىرلا كۈندە قىلىپ تۈگەتكىلى بولامدا؟ شۇنداق قىلىڭلا، چۈجە دېگەن ئاجىز نەرسە تالادا قالسا بولمايدۇ، بوران-شامال، قار-يامغۇردا قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ- دېدى سامۇش مۇدىر كېسىپلا- يېزا رەھبەرلىرى غەيرەتكە كېلىپ پېرما قۇرىمىز دېگەن ئىكەن چۇقۇم قۇرىشىمىز كېرەك. ھېچ كىمنىڭ باشقىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىشكە رۇخسەت يوق!
- شۇنداق قىلساققۇ بولاتتى مۇدىر، لېكىن ئايۋان سارايلاردا چۈجە باقساق بىز بالا-چاقىمىز بىلەن تالادا قالارمىز- دېدى ياندۇرۇپلا بارىتەم.
- شۇنداق ئەمەسمۇ، بىز تالادا قالساق بولمايدۇ-دە!- دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى ئەتراپتىن.
- ھەي خالايىق، يېزا رەھبەرلىرىمۇ ھەرقايسىڭلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ پېرما قۇرىمىز داۋاتسا، ھەر قايسىڭ بوران-شامالدا قالىمىزمۇ دېيىشۋاتساڭ قانداق بولغىنى؟! ھەرقايسىڭمۇ بىر تىرىك جان بولغاندىكىن يامغۇرغا چىلىشىپ قالمىغۇدەك بىر چارە قىلىشىمامسەن! مەن دەپ قوياي ئۇنداق-مۇنداق باھانە-سەۋەپ كۆرسىتىپ، ھېچكىمنىڭ پېرما قۇرۇشقا ئاۋاز قوشماسلىقى ھەددى ئەمەس، پېرمىغا ئاۋاز قوشمايمەن دېگۈچىلەر ئۆزلىرىگە ھېزى بولۇش! زادى بولمىسا ھۆدتە يەرلەرنى كەنتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ كەنتنى بېكارلا، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، توخۇ باقمايدىغان يەرلەردە سۆڭگىچىڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ يېتىپ يايراپ كۈلىۋال! گەپ شۇ!- دېدى چىرايى نېمىشقىدۇ قانسىراتقان ئۆپكىدەك بولۇپ كەتكەن سادىق ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ. كۆپ قىسىم دېھقانلارنىڭ ساۋاتسىزلىقى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادى قاربىشىنىڭ تۆۋەنلىكى، مۇشۇنداق بىر قىسىم كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەيۋە قىلىشىغا دەستەك بولۇپ بېرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرسى ئىدى. سادىق دائىم ئاشۇ تەرەپتىن پايدىلىنىپ كەنت ئەزالىرىغا ئۇلغىماچ سالاتتى.
- ھۆيت سادىق مۇدىر! نىمە دېگەنلىرى بۇ؟ بىزچۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ مەھەللىنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن، بىزنى نە-نەلەردىن كېلىپ قالغاندەك چاغلاپ قالغان

www.kitaphumar.net

ئوخشىمامدۇ؟ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يۇرتنى تاشلاپ نەگە باراتتۇق، ھە؟ مۇنداغ ئەتراپلىرىغا قاراپراق سۆزلىسىلە، تېخى تۆنۈگۈن، بۇرۇناكۈن نە-نەلەردىن كېلىپ كۆكتات تېرىپ، گۈل ئۆستۈرۈپ جېنىنى جان ئېتىۋاتقانلارمۇ ياشاۋاتامدۇ بۇ يۇرتتا، بۈگۈنكى كۈندە بىز نەگە باراتتۇق ئەمدى؟ چۆجە موھىممۇ، ئادەم موھىممۇ؟ ئا تە- جۆدەڭگۈ تۇرقى ئازراقلا شامال چىقسا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، چىرايى قارامتۇل، ئۇزۇن يۈز، پېشانە چاچلىرى ئوبدانلا ئاقارغان بىر مەزلۇم قايناپلا كەتتى.

- ھاي، ھاي! بولدى جاۋىلداشماڭلا! ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كېتىپ چېلىك كېتىشمەيلى تۇققانلا، مەسىلە دېگەننى ئاستا-ئاستا ھەل قىلغىنىمىز ياخشى،- دېدى يېزا باشلىقى ئۆزىگە زورلاپ ئېغىر بېسىقلىق تۈسى بېرىپ- قېنى يەنە كىمنىڭ قانداق پىكىرلىرى بار؟

- ئەگەر كاتىۋاشلار ماقۇل كۆرسە مەنمۇ ئىككى تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ باقسام بولامدۇ؟- دېدى جۆمە «خوراز» ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ. ھەممىنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلدى.

- بولىدۇ، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ كۆڭلىڭلەردە نېمە ئويلىغان بولساڭلا تارتىنماي دېۋېرىڭلا- دېدى تىلىۋالدى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ- قېنى ئالدىغا چىقىڭلا، مىكرافوننى توغرىلاپ بېرەي.

ـــ يوقسۇ، يوقسۇ، جايىمدا تۇرۇپلا دەۋېرەي،ــ «خوراز» ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى، قارىدى-يۇ، ھەممىلا ئادەم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، سەل تەمتىرىدى، دۇدۇقلىدى. ئىلگىرى بۇنداق سورۇندا، بۇنداق چوڭ سورۇندىلا ئەمەس تۆت ئادەم يىغىلغان يەردە دادىل ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغاچقا يۈزى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى. ئويلاپ قويغان سۆزلىرى نەلەرگىدۇ يوقۇلۇپ، مېڭىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا مېڭە توقۇلمىلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىققاندەك تۇيۇلۇپ قالدى.

- ھوي جۆمەخۇن نېمە بولدى سىلىگە، بىر ئوبدان گەپ باشلاپ، توك سوققاندەكلا قېتىپ قالدىڭلىغۇ؟ ئاۋۇ خۇنەن «خوراز» دەك گېدىيىپ تۇرۇپ يۈرەكلىك سۆزلىمەمسىلە مۇنداق، ھەممىمىز ئۆز ئادەم تۇرساق، مۇخبىرلار ئالدىدىغۇ ھجاراپ سۆزلەپ كېتىدىكەنسىلە، قېنى تارتىنماي يۈرىكىڭلىدىكى گەپنى قىلىڭلا گاچ-گۇچ!- دېدى سامۇش مۇدىر ئەتراپتىكىلەرگە «جىم بولۇڭلار» دەپ ئىشارە قىلغاچ.

- نېمە دېسەم بولا تۇققانلا؟ ئەسلىدە مەن مۇشۇ چۆجە دېگەننى باقمايلا قويغان بولسام بوپتىكەن، شۇنداق قىلغان بولسام بۈگۈنكى كۈندە سىلەرمۇ تەڭلىكتە قالمىغان بولاتتىڭلا، نەدىن بىلەي بۇ كاساپەتلەرنىڭ پەيلىرىنىڭ يېشىلغا ئۆزگىرىپ، گۆشىنىڭ ئوت پۇراپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىشىنى. لېكىن كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم چۆجە بېقىپ زىيان تارتمىدىم، ئەكسىنچە خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم. ئەمىليەتتە مەھەللىمىزدىكى قۇلۇم قوشنىلارمۇ پايدىسىنى كۆردى. ئىشەنمىسەڭلا ماۋۇ بارىتەمدىن، ئىۋۇ توختىخاچامدىن، ھەشەك دوڭغاقلاردىن سوراپ بېقىڭلار. قايسى چاغدا بارىتەم رادىيودا داڭلاپ سازايى قىلغان لويلا ئولتۇرۇش دورىسىدىن «رادىيودا

www.uyghurkitap.com
www.kitaphumar.net

داڭلىغاندىكىن قالتىس دورا بولسا كېرەك» دەپ ئىككى شىشە سىپتوۋىلىپ ئىچىزلىقغا ئارقا-ئارقىدىن چېچىپتىكەن، لېكىن لويلا تولغول ئىنجماروق ئۆسكەن چۆزگۈنىمۇ قۇرىتالماپتۇ. ئەكسىنچە لويلا كۆندىن كۆنگە بولۇق ئۆسۈپ بۇغداي مايسىلىرىنى بېسىۋاپتۇ، بىزنىڭ چۆجىلەر شۇ چاغدا ئەسقاتتى. دورا چېچىپ ئۆلتۈرەلمىگەن لويلىنى بىر كۈندىلا پاك-پاكىز «ئوتاپ» تۈگەتتى. ئويلاپ باقامسىلەر، ئەگەر قول بىلەن يۇلۇپ ئوتاش كەلسە بەش، ئون ئادەم يەتتە، سەككىز كۈندىمۇ ئوتاپ بولالمايتتى. ئوتاپ بولدى دىگەندىمۇ ئۇياقتىن ئوتسا بۇياقتىن ئۆسۈپ چىقىپ ئاۋارە قىلاتتى. ئىلگىرى توختىخاچام، ھەشەك دوقغاقلارمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلىكىگە 30 كويدىن بېرىپ بۇغدايلىقنى نەچچە رەت ئوتىتىپمۇ، ئوت ئۆلتۈرۈش دورىسى چېچىپمۇ لويلىلارنى تۈگىتەلمىگەن ئىكەن، چۆجىلىرىمنى ھايداپ چىقىپ قويۇپ بېرىۋېدىم، بۇ «باتۇر» لىرىمغا ئىككى سائەتلىكمۇ بولمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن پۇل ئالاتتىممۇ؟ ئالمىدىم. مەن چۆجىلىرىمنى بېقىۋالغىنىمغا خۇش، ئۇلار بۇغدايلىرىنىڭ لويلىدىن قۇتۇلغىنىغا، مۇھىمى دورا ئالدىغان پۇلنى، ئىشلەيدىغان ئادەم كۈچىنى تېجەپ قالغىنىغا خۇش. تاق گېپىمنى قىلسام چۆجە بېقىشنىڭ ماڭىلا ئەمەس ھەممىمىزگە پايدىسى بار. شۇڭا مەن يەنە كاتتىۋاشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، چوڭراق قىلىپ «يېشىل پەيلىك توخۇ» پېرمىسىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقايمىكىن دېيمەن. ناۋادا مېنى ئۆز كۆرۈپ مەن بىلەن ھەمكارلىشىپ پېرما قۇرۇشنى خالايدىغانلار بولسا ھەرگىز ياق دىمەيمەن، مېنىڭ گېپىم شۇ!

مەيداندا بىردىنلا چاۋاك كۆتۈرۈلدى. بۇرۇنقى مەجلىسلەردە بۇنداق قىزغىن چاۋاك چېلىنغانلىقنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ساموش مۇدىرنى مۇدىر سايلىغان چاغدىمۇ ئۇ يەر، بۇ يەردە پاشا قورىغاندەك نەچچىلا ئادەم چاۋاك چالغان ئىدى. «خوراز» نىڭ بېشىنى تىك تۇتۇپ كاتتىۋاشلارغا دادىل يۈزلىنىپ، پېرما قۇرىمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرغىنى ئۆزىنى مەھەللىنىڭ ئاتىسى، مۆتىۋەرلىرى، بىلەرمەنلىرى چاغلايدىغان ساموش مۇدىر، سادىق مۇدىر، ئەخمەت بايلارغا خۇددى «خوراز» ئۆزلىرىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئىچ باغرىنى ئۆرتىتىۋەتتى. تېخى «خوراز» نى كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمەيدىغان توختىقارى، ئابدۇللادەك بىر نەچچىسى ئۇنى تۇنجى كۆرگەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشىپ، قايتىدىن تىكىلىپ قارىشىپ كەتتى.

ــ ماۋۇ «خوراز» ھەق گەپ قىلدى، ھەقىقەتەن بىزنى ئەك ئاۋارە قىلىدىغىنى باغ-ئېتىزلىرىمىزغا مىچچىدە ئۈنۈپ كېتىدىغان لويلا ئىدى. ئۇ كاساپەت ئۇياقتىن ئوتاپ تۇرساق بۇياقتىن بىرسى ئون بولۇپ ئۈنۈپ چىقاتتى ئەمەسمۇ. جۆمە «خوراز» نىڭ چۆجىلىرى بىزنىڭ قولىمىزنى بىكار قىلىپ، خېلى كۆپ چىقىمدىن ساقلاپ قالدى، «خوراز» ماقۇل كۆرسە مەن ئۇنىڭ پېرمىسىغا ئەزا بولۇشقا رازى، دېدى بارىتەم باشقىلار ئاڭلىماي قالمىسۇن دىگەندەك بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ. بىردەملىككە «يېپ بازىرى» بولۇپ كەتكەن مەيدان يەنە تىمتاسلىققا

چۈمدى.

- مەنمۇ نەچچە ۋاقتتىن بېرى توكۇر خورازنىڭ قۇلى بولۇپ يۈرۈپتىمەن، ئىلگىرى جۇمە «خوراز» بىلەن ياخشى ئۆلپەت ئىدۇق، ئۇ چاغلاردا ھەققى پايدا-زىيانىنىڭ نىمىلىكىنى ھېس قىلماپتىكەنمەن، «خوراز» نىڭ ھازىرقى گېپى ئۇيقۇمنى قايتىدىن ئېچىپ قويدى. مەنمۇ يەنىلا «خوراز» غا ئۆلپەت بولۇپ، پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولاي. قانداق دېدىم «خوراز» ئاداش، مېكيانلىرىڭنى بېقىشىپ بەرسەم ياق دىمەيدىغانسەن؟ـ دېدى تۇدىلەك «موخۇر» كالچاراپ كۆلگىنىچە جۇمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

- سەنلا چىداپ ئىشلىسەڭ، مەندە چاتاق يوق، خورازنىمۇ بىللە سوقۇشتۇرغان، قمارنىمۇ بىرگە ئوينىغان، تاپقاننى تەڭ خەجلىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ توخۇنى تەڭ باقمىز- دېدى جۇمە تۇدىلەكنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ- بىر شەرت، بارلىق ناشايان ئىشلىرىڭدىن تولۇق قول ئۈزسەن، ئۇنداق بولمىغاندا باقمىچىلىق روناق تاپمايدۇ.

- رېيىمقۇل بىلەن مەن ئىككىمىزمۇ جۇمە باينىڭ پىرمىسىغا ئەزا بولايلى، ئۆيىمىزمۇ خوشنا، يەر، بېغىمىزمۇ تۇتىشىپ تۇرىدۇ، قولايلىق- دېدى داۋۇتاخۇن جۇمەنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاندىن سامۇش مۇدىرغا يۈزلەندى- جۇمە خوشنامۇ قوشلىدۇ، شۇنداق خاتىرلەپ قويۇڭلا مۇدىر.

- قارىسام «خوراز» نىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشقانلار خېلى كۆپەيدى. ھەممە ئائىلە جۇمە «خوراز» نىلا مەركەز قىلىپ تىقلىشىۋالساقمۇ بولماس. مېنىڭچە كەنت كادىرلىرىمۇ قاراپ تۇرساڭلا بولماس، سادىق مۇدىر، مەخەي مىراپ، نىزامىدىنلارمۇ باش بولۇپ بىردىن پىرما قۇرۇشنى ئويلۇشۇپ باقسا، كەنتتىكىلەر ئۇلارنىمۇ قوللىساق، بىرمۇ ئائىلە پىرمىنىڭ سىرتىدا قالمىسا، قانداق دېدىم تىلۋالدى- دېدى يېزا باشلىقى بىردە سادىق مۇدىر بىلەن نىزامىدىنغا، بىردە سامۇش مۇدىرغا نەزىرىنى ئاغدۇرغاچ.

- بۇ ئىنتايىن دانا، بىلەن تەكلىپ بولدى، جۇمە «خوراز» مەيدە كېرىپ چىققان يەردە سادىقلار بېشىنى يۈپۈرۈپ تۇرسىمۇ سەت تۇرىدۇ- دېدى تىلۋالدى يېزا باشلىقنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلەپ.

سادىق ئەتراپىدا بىر-بىرسىگە پىچىرلىشىۋاتقانلارغا مەغرۇر بىر نەزەر سېلىۋېتىپ، يېزا باشلىقنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن نىزامىدىن بىلەن مەخەينىڭ نىمىشقىدۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، يۈرىكىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

- مەن سادىق مۇدىرغا ھەمكارلىشىپ، ئۇنىڭ پىرمىسىغا ئەزا بولاي، چارۋا بورداشتىن كېلىدىغان مەنپەئەتمۇ يوقنىڭ ئورنىدا بوپ قالدى، قارىسام جۇمە «خوراز» خۇدايىم بېكاردىنلا ئۈندۈرۈپ بەرگەن لويلا بىلەن توخۇ بېقىپ چىقمىسىزلا نەچچە تۈمەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى، ئۇ قىلغاننى بىزنىڭ قىلالمايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيمەن، شۇڭا سادىق مۇدىرلا تىرەك بولۇپ تۇرۇپ بەرسە قالغىنىنى گۈل كەلتۈرۈۋاتىمىز، قانداق دېدىم سادىقجان؟ـ دېدى ئەخمەت باي

www.kitaphumar.net

ئۈرۈق، بەشلىك ئارىدەك بارماقلىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ.

- بىز ئاغا-ئىنى ئۈرۈق-تۇققانلار نىزامىدىنىنىڭ پىرمىسىغا قوشۇلايلى خوشنا بولغاندىكىن، بىزلەرمۇ ئەڭ دەسلەپ چوجە بېقىپ باققان، باققۇچىلىكىمىز بار، - دېدى توختىقارى بىر نىزامۇدىنغا، بىردە ئىككى يېنىدا تۇرغان قادىراخۇن، ئابدۇللاجانغا مەغرۇر قاراپ قويۇپ. باشقىچە گەپلىرىڭلا چىقماس تۇققانلىرىم؟

8

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ، جۇملىدىن يېزا باشلىقى - ئويتېپىردا «يېشىل پەيلىك توخۇ» پىرمىسى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى پەرھاتنىڭ ئويتېپىرلىقلارنى قىزغىن قوللاپ، قەرز مەبلىغىنىڭ ئەمىلىيلىشىشىنى بانكا تارماقلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە پىرمىغا كېرەكلىك مەبلەغ مەسىلىسى تېزلا ھەل بولدى. جۇمە «خوراز» باشچىلىقىدىكى 29 ئائىلە بىرلەشمە «يېشىل پەيلىك توخۇ» پىرمىسىدىكىلەر مەسلەھەتلىشىپ 210 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. جۇمە «خوراز» ۋەدىسى بويىچە ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلاپ كەلگەن 32 مىڭ يۈەننىمۇ مەبلەغ قىلىپ قوشتى. تېخنىك تەكلىپ قىلىپ 30 مىڭ قانات چۈجە بىمالال سىغىدىغان ئازادە توخۇخانىدىن بىرنى سېلىپ پۈتكۈزۈپ، چۈجە سولاپمۇ ئۈلگۈردى. سادىق مۇدىر باشچىلىقىدىكى 25 ئائىلىمۇ، نىزامۇدۇن باشچىلىقىدىكى 23 ئائىلىمۇ، مەخەي مىراپ باشچىلىقىدىكى 27 ئائىلىمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۇلار خۇددى بىر-بىرسى بىلەن بەسلەشكەندەك جۇمە «خوراز» لارنىڭكىدىن قېلىشمۇغىدەك قىلىپ توخۇخانا سېلىپ، تاللاپ، شاللاپ تۇرۇپ 30، 40 مىڭدىن چۈجە سولىدى. شۇنداق قىلىپ كەنتىدىكىلەرنىڭ تولۇق ھەركەتكە كېلىشى نەتىجىسىدە كىچىككىنە كەنتتە ئاخىرى توخۇ پىرمىسىدىن تۆتى قۇرۇلۇپ، يېزا بويىچىلا ئەمەس، ناھىيە بويىچە داغدۇغا قوزغىدى. ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ زىيارەت قىلىپ، تاراتقۇلاردا تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم مۇخبىرلار «كەنتتە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللىنىش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم تۈزەتمىسە بولمايدىغان يېڭى مەسىلىلەرمۇ پەيدا بولۇپتۇ، ئالدى بىلەن ئىلگىركى خىلۋەت، تىمتاس كەنتنىڭ جىم-جىتلىقى بۇزۇلۇپ، چۈجىلەرنىڭ تىنىمسىز چۇرۇقلاشلىرى مەھەللە ئاسمىنىنى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇندىن باشقا چۈجىلەرنىڭ چىقىرىندىلىرى چىرىپ، چىدىغۇسىز سېسىمچىلىق مەھەللىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى بۇلغاپتۇ، بۇنى تېز بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ» دەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلغان. ئەلۋەتتە، 140 مىڭ قاناتقا يېقىن چۈجىنىڭ يەيدىغىنىمۇ، چىقىرىدىغىنىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئىشلار تېخى تولۇق يۈرۈشلىشىپ بولالمايۋاتقان، پىرمىلارنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنىڭ ئىش تەرتىپى دىگەندەك قېلىپلىشىپ بولالمىغان،

چۈجىلەرنىڭ يەيدىغىنىنى ھەل قىلىش قىيىن بولىۋاتقان، ئالدىراشلىق ۋەزىيەت تېخى ئېزىغا چۈشۈپ بولالمىغان چاغدا، چۈجىلەرنىڭ كۈندىلىك چىقىرىندىلىرىنى كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايدىغان يەنە بىر يېڭى ئىش دېھقانلارنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى. پېرما ئەزالىرى خۇددى يېپىشقاق قەغەزگە چاپلىشىپ قانات، پۇتلىرى ھەركەتتىن قالغان چىۋىندەك چۈجىگە باغلىنىپ، ئۇششاق-چۈشەك ئىشتىن ئۆزىنى ئاجرىتالماي قالدى.

ئايىغى چىقماس ئىشلار، يېڭى-يېڭى مەسىلىلەر بىرلەشمە پېرمىلارنىڭ باش نازارەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان سامۇش مۇدىرنىمۇ جىم ياتقۇزمىدى. ئۇ ھېلى ئۇ پېرمىگە بېرىپ چۈجىنىڭ بېقىلىش ئەھۋالى، مۇھىت تازىلىق... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلارنى تەكشۈرۈپ، بايقالغان مەسىلەرگە قارىتا جەرىمانە خاتىرلەپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇپ، ئەتىسىدىكى ئىشلارنى قانداق يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققىدە «يولىيورۇق» بېرىپ، ئىش ئورۇنلاشتۇرسا، ھېلى يەنە بىر پېرمىغا پالاقلاپ بېرىپ ئۆز «بۇرچى» نى ئادا قىلاتتى. ئۇكەنتتىن ئىبارەت ھارۋىنىڭ «ئىچ ئېتى» بىلەن «يانداشما ئات» لىرىنى ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوبدانلا ھېس قىلىپ، ئۈستىدىكى «يۈك» نى چۆرىۋېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يېزا باشلىقىنىڭ «يىل ئاخىرىغىچە ئوبدان ئىشلەپ، پېرمىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەنتتە كۆرۈنەرلىك يېڭىلىق يارىتالىساڭلا، شۇ چاغدىلا سىلىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شتاتلىق كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىمىز، كاتتا مۇكاپاتقىمۇ ئىگە بولىسىلەر» دىگەن سۆزى ئېسىگە كەلسىلا باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ پالاقلاپ كېتەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا يېزا باشلىقىغا بولغان بىر خىل ئىشەنچ، توخۇ باقچىلىقىدىن كۈتكەن ئۈمىد ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدىكى شېرىن خىياللار ھەمرا ئىدى. لېكىن ئۇ خىيال بىلەن رىياللىق ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلىقىنى ئويلاپ قويمايتتى.

تۆنۈگۈن كەچ سامۇش مۇدىر يېزا باشلىقىنى «قىرقىلمىغان سىرىق ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىنى قاقمەن» دەپ بولدى دىگۈچە كۈتكەچكىمۇ ياكى ئۇزۇن ساقلانغان مۇسەللەس ئېغىر كەلدىمۇ، ئېيتاۋۇر بۈگۈن ئەتىگەن خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى.

- ۋوي ئادەم، بۈگۈن نىمە بولدى سىلىگە؟ كۈن ئاش ۋاقتى بولسىمۇ مىدىرلاپ قويماي دىمەيسىلىنا؟ قوپۇڭلا دەيمەن ماۋۇ ئاشلىرى سوۋۇپ، ماز بولۇپ قالغىلىۋاتىدۇ- مەلىكىخان مۇدىرنى ئاستا تۈرتۈپ قويدى، ئاندىن قۇلىقىنى بوش سوزۇپ قويدى. مۇدىر ئىنجىقلىگىنىچە بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا ئۆرۈلۈپ، تۈپ-تۈز بولۇپ بىر چوجالىۋالغاندىن كېيىن، ئېرىنىپكىنە ئورنىدىن تۇردى. چالا-بۇلا يۈزىنى يۇيۇپ كۆك چامغۇر، غورا سېلىپ ئەتكەن يومىدانغا تۇتۇش قىلدى. ئاشنى ئۇسۇپ قويغىنىغا خېلى بولۇپ قالغاچقا، تازا تاۋلىشىپ سۇمۇرۇپ ئىچكىدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى.

ناشتىدىن كېيىن مۇدىر ئالدىراپ-سالدىراپ يەنە جۇمەنىڭ پېرمىسىنى نىشانلاپ بوسۇغا

www.uyghurkitap.com

www.kitaphumar.net

ئاتلىدى. ئۇ ئۆلۈشكۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىشلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى ئىدى.

ـ تېخىچە تۇشۇپ تۈگىتىپ بولالمىدىڭلارمۇ جۈمەخۇن توخۇ پوقلىرىنى؟ ئەزمەڭلىنى ئەزمەي جىق-جىق ئۇسسساڭلا بولمامدۇ غەتلەككە. توخۇخانىغا كىرە-كىرمەيلا تۇڭ تەگدى مۇدىر. ھېلىقى تۇدىلەك «موخۇر»، بارىتەم، داۋۇتەم، رېيىمقۇللا نىمىش قىلىۋاتىدۇ؟

ـ ئۇلار باغدا، بىر تەرەپتىن دەرەخ ئاستىغا ئورەك كولاپ، بىر تەرەپتىن توخۇ پوقى بىلەن تولغان ئورەكلەرنى كۆمۈپ، تۈزلەۋاتىدۇ.

ـ ئەسلى بۇ ئىشلار تۆنۈگۈنلا تۈگىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ قېنى ئۆزۈڭلا دەپ بېقىڭلا، بىر كۈن كېچىكتۈرگىنىڭلار ئۈچۈن قانچە پۇل جەرىمانە تۆلىسەڭلا بولا؟

ـ بۇ، بۇ، بۇ قېتىم بىر كەڭچىلىك قىلغان بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن مەن دىققەت قىلسام، ئەسلى سىلى دىگەندەك تۆنۈگۈنلا تۈگەپ كېتەتتى، لېكىن باغ ئېتىزلىرىمىزدا چۈجە يىگىدەك لويلا قالماپتۇ، ئامالسىز پېرمىدىكى ئەر-ئايال ھەممىمىز قوشنا كەنتكە بېرىپ تۆت، بەش ھارۋا لويلا يىغىپ كەلدۇق، شۇڭا... بۈگۈنچە خاپا بولۇشمايلى مۇدىر، مانا ھازىرلا تۇشۇپ تۈگىتىۋاتىمىز.

ـ بۇ نىمە ئىش ئەمدى ھوي؟ چۈجىلەرنى سىرتقا قويۇپ بېرىپ، لويلا يىگۈزۈپ باقماي، مەھكەم سولىۋېلىپ زاۋۇتنىڭ ياسالما يېمى بىلەنلا باققىلى تۇرۇپسىلەرغۇ ئەمدى؟

ـ بايا دېدىمغۇ مۇدىر، بىزنىڭ پېرمىغا تەۋە باغ، ئېتىزلاردا لويلا تۈگۈل چۈژگۈننىڭ قۇلىقمۇ قالمىدى، ئامالسىز نە نەلەردىن لويلا يىغىپ كېلىۋاتىمىز، مانا بۈگۈنمۇ مەن، بارىتەم، داۋۇتەم، رېيىمقۇل، تۇدىلەك تۆتىمىزنىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى لويلا يىغىپ كەلگىلى كەتتى.

ـ ئامالسىز دىگەن نىمە گەپ ئەمدى؟ زاۋۇتنىڭ سۈنئى يەم-خەشىكى بىلەن بېقىلغان توخۇلار گەرچە تېز يوغىناپ، تېز سەمرىگىنى بىلەن گۆشى قازانغا كىرىشى ھامان قېرى خوتۇننىڭ ئەمچىكىدەك بوشاپ، يىگەندە كونا كۆلنىڭ لېشى تېتىيدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟

ـ بىلىشنىغۇ ئوبدان بىلىمەن مۇدىر، ئەمدى شۇ لويلا ئۈلگۈرمىسە نىمە ئامال، شۇ تاپتا بىزغۇ ئۇ يەر بۇ يەردىن ئاز تولا لويلا يىغىپ كېلىپ ئارلاشتۇرۇپ بېرىۋاتىمىز، باشقا پېرمىدىكىلەر بىر تۇتام بولسىمۇ لويلا بەرمىگىلى خېلى بوپ قالدى.

ـ ھە ... ! ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەندە؟ چۈجىلەرگە نىمىشقا مۇشۇ چاغقىچە يېشىل پەي چىقمايدىكىن دىسەم، لويلا يېتىشمىگەچكە شۇنداق بوپتۇ-دە؟ مۇشۇنداق بولىۋەرسە قانداق بولىدۇ؟ دەرھال بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشمىز لازىم. تەلەپ بويىچە بولغاندا چۈجىلەرنىڭ يېمىنىڭ توقسەن پىرسەنتىدىن كۆپرەكى چوقۇم لويلا بولىشى كېرەك. شۇنداقمۇ؟ـ مۇدىرنىڭ چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىقىپ، ئەسلىدىنلا قارا چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ئۇ نىمىدۇ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سۆزدىن توختاپ، بۇرۇلۇپلا توخۇخانىدىن چىقىپ قەتتى. مۇدىرنىڭ«خوش»

www.kitaphumar.net

مۇ دىمەي چىقىپ كەتكىنىگە جۇمەنىڭ كۆڭلى سەل غەش بولدى. «قاراڭلا بۇ دۇگدۇكنىڭ چوڭچىلىقىنى» دەپ غۇدۇردىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.

**************************

ــ شۇنداق قىلىپ، تەۋەيگىلاردىكى باغ-ئېتىزلاردا شۇنچە غول ئۆسىدىغان لويلىلار چۈجىلەرنىڭ يېيىشىگە يېتىشمەيۋاتىدۇ، لويلا يىمگەچكە چۈجىلەر تېخىچە پەي تاشلىمىغاچقا يېشىل پەيلەر چىقمايۋاتىدۇ دەڭلا؟ـ يېزا باشلىقى قولىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى كۈچەپ-كۈچەپ شورىغاچ ئېغىر قەدەم بىلەن ئالدى ئارقىغا مېڭىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلىدە تۇنجى قېتىم سامۇش مۇدىرغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ـ شۇنداق يېزا باشلىقى، مەن تەپسىلى تەكشۈردۈم، يەرلەرگە ئىككى كۈندە بىر سۇ قويۇپ تۇرساقمۇ لويلا ئۆسۈپ ئۈلگۈرمەيۋاتىدۇ. بەزى پېرمىدىكىلەر تېخى باشقا يېزا-كەنتلەرگىچە بېرىپ لويلا يىغىپ كېلىپ بېرىۋېتىپتۇـ سامۇش مۇدىر يېزا باشلىقىنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە قانجۇقىنىڭ كۆزىدەك كۆكۈش نۇر چاقناۋاتقان كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ قاشتى.

ـ سامۇش مۇدىر، سىلە دىگەن پىشقەدەم مۇدىر، تەجرىبىلىرىمۇ مول، شۇنداق تۇرۇپ بىرەر چارە ئويلاپ تاپالمىدىلىما؟ـ يېزا باشلىقى مېڭىشتىن شاپپىدە توختاپ سامۇش مۇدىرغا مىختەك قادالدى. سامۇش مۇدىر ئەزەلدىن يېزا باشلىقىنىڭ بۇنداق غەزەپلىك قارىشىغا دۇچ كېلىپ باقمىغاچقا، خۇددى كىمدۇ بىرسى قەھرىتانىدا بېشىدىن بىر چېلەك شورمەل قۇيىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

ـ شۇ، شۇ ... قانچە باش قاتۇرسامۇ ئەقىل تاپالماي، سىلىدىن يولىيۇرۇق سوراي دەپ شۇ .... سامۇش مۇدىرنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، گېپىنى تاپالماي كېكەچلەپ كەتتى.

ـ ئەلۋەتتە ئۆزۈڭلىدە يوق نەرسىنى باشنى تاشقا ئۇرساڭلارمۇ تاپالمايسىلە-دە! سىلىدە مۇستەقىل پىكىر قىلغىدەك كاللا يوق، پىكىر قىلىشنىمۇ خالىمايسىلە، بولمىسا بۇ يەرگە شاپاشلاپ كەلمەيتتىڭلا. مۇنداق قىلايلى سىلە دەرھال كەنتكە قايتىپ، كەنت كومىتېت ھەيئەتلىرى بىلەن كېڭىشىپ، تەۋەيگىلىدىكى بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرگە بىردەك لويلا تېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە تەپسىلى دوكلات يېزىپ، ئەتىدىن قالماي ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىڭلا. مەن يېزىلىق پارتكوم دائىمى ھەيئەتلىرى يىغىنىغا سېلىپ دەرھال تەستىقلاپ بېرەي، مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە بارلىق يەرلەرگە سورتلۇق لويلا تېرىپ بولۇڭلا!ـ يېزا باشلىقىنىڭ سۆزى كەسكىن ئىدى.

ـ شۇ، ئۇچ، تۆت يۈز مو يەردىكى بۇغدايلار باش چىقىرىپ پىشايلا دەپ قالغان ئىدى، بۇغدايلىقلارنى ئاغدۇرۇپ لويلا تېرىساق دېھقانلارنىڭ ....

ـ دېھقانلارنىڭ پىكرى چىقىدۇ دىمەكچىمۇ؟ بىز دىگەن تەشكىل، تەشكىل بولغانىدىكىن

www.kitaphumar.net

ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنىنى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك، بېرىپ مەن دېگەندەك قىلىڭلا! ئۇنداق بولمىسا كېيىنكى ئاقىۋەتكە سىلە مەسئۇل بولىسىلە.

ئىنىشقىدۇ ساۋۇش مۇدىرنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. كۆڭلىدە يېزا باشلىقىغا نىسپەتەن بىر خىل يىرگىنىش، نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇ تاپتا قەلبىدە ئىلگىرى ئۇ ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان «بىز نىمە ئۈچۈن ئاشۇ كاتاۋاشلار ئالدىدا شۇنچىلىك بىچارە؟ ئۇلار نىمە قىلىمىز دىسە چۇقۇم شۇنى قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا مەن نىمىگە مۇدىر؟ مېنى مۇدىر قىلىپ سايلىغان دېھقانىنىڭ ئەجرى شۇنچىلىك قەدىرسىزما؟ بىز زادى ئاشۇ چوڭقاملارنىڭ رايىغا باقماي ياشىيالمايمىزما؟ ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ؟» دېگەندەك پىكىرلەر غەليان كۆتۈرمەكتە ئىدى. لېكىن ئۇ ئويلىغانلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭچە شۇنداق قىلىش «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان» لىق بولاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسىيادى يەنىلا بىر ئاماللارنى قىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە رەسمى شتاتلىق كادىر بولۇپ پېتىشېلىشنىڭ كويىدىلا ئىدى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * *

ساۋۇش مۇدىرلار تۆنۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپلا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ: «يېزىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، توخۇ پېرمىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى، جۈملىدىن ئاق يەر، بۇغداي ياكى باشقا زىرائەت تېرىلغان يەرلەر بولسۇن ئومۇمەن بىزنىڭ كەنت ئەزالىرىغا تەۋە بارلىق يەرلەرنى ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ بىر تۇتاش ئاغدۇرۇپ، بىر تۇتاش ئۇرىغى ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن ئالى سورتلۇق لويلا تېرىيمىز، ئىختىيار قىلغانلار ھازىردىن باشلاپ بۇغدايلىرىنى ئورۇۋېلىپ ئوت-سامان قىلىپ بېسىۋالسا بولىدۇ، ئەتىگەنگىچە ئۈلگۈرتۈپ بولالمىسا بىردەك ئاغدۇرۇۋېتىلىدۇ» دىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ شۇم خەۋەردىن كوڭلى غەش بولۇپ، تۈننى مىڭ تەستە تاڭغا ئۇلىغان دېھقانلار، بۈگۈن كۈن چىقىشتىن بۇرۇنلا ئېتىزلىق بېشىغا چىقىۋېلىپ، يەر ئاغدۇرۇشقا تىكىلەپ قويغان زەنجىر چاقلىق، سوقۇلۇق تېرەكتۇرلارنى ئورىۋېلىشقان ئىدى. ساۋۇش مۇدىر باشلىق كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ پايپاسلاپ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ باشلانغان تالاش-تارتىش، چىڭقىلىپ سۆزلەشلەر تۈپتۈز كەتكەن بۇغدايزارلىقنىڭ تېنچلىقىنى بۇزدى.

- قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ، باشقا زىرائەتلەرغۇ بىر تېرىقلىق، لېكىن پىشايلا دەپ قالغان ئالتۇندەك بۇغداينى ئاغۇرۇپ لويلا تېرىيمىز دىگەنمۇ گەپمۇ؟ - دەيتتى بارىتەم چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

- شۇ ئەمەسمۇ، بۇغداينى ئاغدۇرۇپ تاشلىساق قورساقنى ئاسقۇغا ئېسىپ قويغىلى بولمايدۇ-

www.kitaphumar.net

ده! بىزدەك بالا-چاقىلىق ئائىلىلەرگە تەس ئەمەسمۇ؟ لويلا دىگەننى بۇغدايدەك ئۇن تارتىپ يىگىلى بولمىسا يا- داۋۇتەم دۆگدۆكمۇ چىچاڭشىيتتى.

- بولدى قىلىڭلا تۇققانلا، بۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارى، چۆجىلەرگە يەم-خەشەك يېتىشمەيۋاتقان پەيتتە مۇشۇنداق قىلمايمۇ چارە يوق، بۆگۆنكى ئۆپكىنى دەپ ئەتىكى قۇيرۇقدىن قۇرۇق قالمايلى، ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپە پىرمىلاردىكى چۆجىلەرنى تېزرەك بازارغا سالغىدەك چوڭ قىلىۋېلىش، ئۇنداق بولمىغاندا زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ- دېدى سامۇش مۇدىر تېرەكتۇرنىڭ سوقىسىغا چىقىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

- مۇشۇ ئىشتان بېغىنىڭ تايىنى يوق كاتىۋاشلارنىڭ ئورۇنسىز «يولىيۇرۇق، قارار» لىرىنىڭ دەستىدىن خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزەلەيمىزمۇ يوق؟ بىر كۈن بولسا «ياڭاقلىق بەرپا قىلىمىز ئىقتىسادىي قىممىتى ئۇنداق يۇقىرى، بۇنداق يۇقىرى» دەپ ئەمدى بولاققا كىرگەن نەشپۈتلۈك، ئالمىلىقنى بۇزۇپ ياڭاق سېلىۋاتقان، يەنە بىر كۈن بولۇپ ياڭاق مىۋىگە كىرگەندە ئۇنى مەجبۇرى تومۇرۇپ تاشلاپ «چىلانزارلىق بەرپا قىلىمىز، ئۈستى چىلان، ئاستى بۇغداي قوش ئۈنۈم ئالىمىز» دەپ چىلان سېلىۋاتقان؛ ئالدىنقى يىل قوناق تېرىيمەن دىسەم بىر تۇتاش كېۋەز تېرىيمىز دەپ يول قويۇشمىدى، كېۋەزنى تولا سوقىۋېتىپ قۇرۇق قول قېلىۋىدۇق ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، بۇ يىل قوغۇن-تاۋۇز، سەي-كۆكتات تېرىيمەن دىسەك بۇغداي تېرىيمىز دېدى، مانا ئەمدى بۇ كۈن بولغاندا بۇغدايلىقنى بۇزۇپ لويلا تېرىيمىز دېسە، بىز خاتىرجەم جان باقامدۇق يوق! مەركەزنىڭ «دېھقانلار ھۆددە يەرلىرىگە ئۆزى خالىغان زىرائەت تېرىسا بولىدۇ، جايلار چەكلىمە قويماسلىق كېرەك» دىگەن سىياسىتى نىمىشقا بىزنىڭ يۇرتتا ئەمەللەشمەيدۇ؟ بولدى مېنى ئاپپىرىپ سولىۋەتسىمۇ بۇغدايلىقىمنى ئاغدۇرۇپ لويلا تېرىمايمەن- دېدى تۇراپ توڭگۇز كۈچلۈك ئۈتتا ئۆركەشلەۋاتقان قازاندەك قايناپ.

- ئۆزىمىزنى سەل بېسىۋالايلى تۇققانلار، «چۆگۈن قايىنسا بويىنغا تاشىدۇ» دىگەن گەپ بار. ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيلى. توغرا، بىز كەنتىمىزنىڭ ئەملى شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئىختىيارى تېرىقچىلىق» قا ئاز تولا چەك قويدۇق. بىرسىمىز كېۋەز تېرىيمەن دىسەك، بىرسىمىز بۇغداي تېرىيمەن دىسەك، يەنە بىرسىمىز سەۋزە-چامغۇر، يەنە بىرسىمىز قوغۇن-تاۋۇز تېرىيمەن دەپ تۇرىۋالساق، ئوخشىمىغان زىرائەتلەركە بىرلا ۋاقىتتا سۇ قويغىلى بولامدۇ-يوق؟ تۈرلۈك زىرائەتكە زىياندۇش ھاشارات چۈشۈش ۋاقتى ئوخشىمايدىغان تۇرسا ئۇنى بىر تۇتاش كونتۇرۇل قىلغىلى بولامدۇ-يوق؟ ئۇندىن باشقا پەرۋىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولامدۇ-يوق؟ مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق تەرەپلەرنى قايسىمىز ئويلىشىپ باقتۇق؟ ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش قىلساق سۇغۇرۇش، پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى قانداقمۇ ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ راست يۇقىرىنىڭ «كىم نىمىنى خالىسا شۇنى تېرىشقا يول قويىلىدۇ» دىگەن سىياسىتى بار، لېكىن بۇ چوڭ سىياسەت، ئۇنى ئەملىي ئەھۋالىمىزنى نەزەرگە ئالغان ھالدا جانلىق ئىجرا

www.kitaphumar.net

قىلساقمۇ خاتا بولمايدۇ. بىز شۇنداق ئىجرا قىلدۇق، بۇنىڭ نەرى خاتا؟ــ ساموۇش مۇدىرنىڭ گېپىدىن بەزىلەر سەل پەسكويغا چۈشتى.

- مۇدىر ئوبدان گەپ قىلدى، بىزمۇ ھەرگىز سىلەرگە زىيان بولسۇن دىمەيمىز، ئويلاپ باقامسىلەر، بىر مو يەردىن جىق بولغاندىمۇ 600 كىلوگىرام بۇغداي ئالساق، بىر كىلوگىرامى ئىككى يېرىم كويدىن بولسا 1500 كوي دىگەن گەپ، چىقىمغا 500 كوي كەتتى دىگەندىمۇ قولىمىزغا ئاشىدىغىنى تايىنلىق 1000 كوي. ئالى سورتلۇق لويلا تېرىساقچۇ؟ بىر مو يەرنىڭ لويلىسىدا ئاز دىگەندە 500 قانات چۈجىنى بىمالال بېقىپ بازارغا سالغىلى بولىدۇ، بىر قانات توخۇ 30 كويدىن بولدى دىسەكمۇ 500 قانات توخۇ 15 مىڭ كوي بولدى دىگەن گەپ، 1000 كوي چىقىمۇ 15 مىڭ كوي چىقمۇ؟ لويلا تېرىمىساقچۇ نەچچە ئون مىڭ كويدىن قۇرۇق قالىمىز دىگەن گەپ. چۈشەندۈردى يېزىنىڭ يەن-تېخنىكىغا مەسئۇل باشلىقى تىلۋالدى بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ.

- بولدى باشقىلار نىمە قىلسا مەيلى، مەن ئالتە مو بۇغدايلىقىمنى ئاغدۇرۇپ لويلا تېرىيمەن، قېنى «تۆمۈر كالا» ڭلارنى بىزنىڭ ئېتىزغا تارتىڭلا، يول ئېچىڭلار خالايىق، يول ئېچىڭلا...ـ نىزامدىنىنىڭ قوشۇلغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پىرمىسىدىكى يەنە توختىقارى،قادىراخۇن، ئابدۇللا قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

- ئىشنى بۇزدى ما دەيۋز، «ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋىسىغا نان چىلايمەن» دەپ، خەپ ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىپمۇ قالسەنغۇ بىر كۈنى- دېدى بارىتەم ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترىدى، ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى- ئويلىشىپ ئىش قىلايلى خالايىق! يەر دېھچقاننىڭ ئالتۇن قوزىقى بولسا، ئاشلىق دىگەن دېھقاننىڭ جېنى، قۇتقازغۇچىسى، ئۈمىدى، خۇشاللىقى، بارلىقى . دېھقان جېنى يەر ئۈچۈن، ئاشلىق ئۈچۈن پىدا! قاراپ تۇرۇپ پىشاي دەپ قالغان بۇغداينى ئاغدۇرۇپ لويلا تېرىساق ئىچىڭلار ئېچىشمامدۇ؟

- سىلە شۇنداق دىگەن بىلەن نەچچە ئون مىڭ كويلۇق چۈجىنى نىمە بىلەن باقىمىز؟ بۇغداي قوناق بىلەن باققانغا ئۇنىڭ پەيلىرى يىشىلغا ئۆزگىرەمتى؟ يېشىلغا ئۆزگەرمىسە پۇلغا يارامدۇ؟ مانا مەنمۇ ۋە پىرمامدىكىلەرمۇ ھەممىمىز بۇغدايلىقلىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ لويلا تېرىيمىز، قانداق دېدىم يولداشلار؟- سادىق كىمدۇ بىرسى قاچانلاردا دۆۋلەپ قويغان كىچىككىنە دۆڭگە چىقىپ ۋارقىرىدى.

دېھقانلار رىياللىق ئالدىدا، كاتىۋاشلار نەزەرىدە پاشاچىلىكمۇ قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. قايسى بىر دېھقان رىياللىقنىڭ، كاتىۋاشلارنىڭ رايىغا باقماي ياشىيالىسۇن؟ توغرا، بىر قىسمىلار تېپىدا ئۆز ھېسسىياتىغا، تۇيغۇسىغا بېرىلىپ، ھەر نىملەرنى دەپ سەكرەپ، تاقلاپ باقتى. لېكىن ئاقىۋەت يەنىلا ئۆزىنى ئۆزى كۈتمىگەن رىياللىقنىڭ قاياشىغا قول قىلىپ بېرىدۇ. ئويتېتىر كەنتىدىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق بولدى.

www.kitaphumar.net

## 9

نەچچە كۈن ئىلگىرىكى بۇغدايزارلىق ئورنىنى ياپ-يېشىل يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان لويلازارلىق ئىگىلىگەن ئىدى. لويلا مايىسسى بىخلىنىپ چىققاندىن باشلاپ تېز ئۆستۈرۈش دورىسى ۋە كۈچلۈك خىمىيىۋى ئوغۇتلار قايتا-قايتا چېچىلىپ، پات-پات سۇغۇرۇلۇپ تۇرغانلىقتىن لويلىلار شۇنچىلىك بولۇق ئۆسكەن ئىدى. لويلازارلىقتا توپ-توپ چۈجىلەر ئەركىن چۇرۇقلىشىپ، لويلىنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنى تىنماي چوقۇيتتى. بەزىلىرى خۇددى كۆمۈلۈپ قالغان بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ئۇ يەر بۇ يەرنى تاتىلاپ يۇمشىتىپ بىخارامان ئېغىنىشىپ يۈرىشەتتى. نەچچە كۈندىلا چۈجىلەر خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ پەي تاشلاشقا باشلىغاندىلا دېھقانلارنىڭ كۆڭلى سەل ئىزىغا چۈشتى. دېھقان دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ خەق. ئۇلارنىڭ ھېرىپ چارچاشتىن كېيىنكى غۇشاللىقى مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش، دەرەخ غوللىرىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، موخۇرەك چېكىشكەچ تاپقان گەپلىرىنى قىلىشىش. ئۇلار ھالال ياشاشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مىزانى قىلغان، شۇڭا تۇرمۇشى غورىگۆل بولسىمۇ، ئۆز مېھنىتى بىلەن ياشىسىلا شۈكرى قانائەت قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئالداش، قاقتى-سوقتى قىلىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش لۇغىتىدە يوق. ئەمما ئۆزلىرى ئالدىنىش، قاقتى-سوقتى قىلىنىشقا ئۇچراپ تۇرسىمۇ ۋايسىمايدۇ. ۋايساش ئاياللارنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ۋايساشنى نومۇس بىلىدۇ. شۇڭا نەچچە كۈن ئىلگىرىكى يۈرىكىنى ئەزگەن ئازاپلىق ئىشلارمۇ ئاسانلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئۆيتېتىر كەنتىدە لويلازارلىق بەرپا قىلىپ، يېڭىچە بېقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالى سورتلۇق «يېشىل پەيلىك توخۇ» يېتىشتۈرۈش داغدۇغىسى پۈتۈن ناھىيەگە پۇر بولۇپ كەتتى. لېكىن، ھەممە مۇشۇ «يېڭىلىق» قا قىزىقىۋاتقان پەيتتە سامۇش مۇدىرنىڭ كۆڭلى تېخى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى پېرمىلارنى ئارلاپ، يېڭىدىن پەي چىقىشقا باشلىغان چۈجىلەرگە زەن سېلىپ قارىغىنىدا كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. چۈجىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە يېڭىدىن پەي چىقىپ بولغان بولسىمۇ ئەمما نەچچە يۈز چۈجىگە قارا چىپار، سېرىقىش چىپار ۋە ئاللاقانداق پەيلەر چىققاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئىلگىرى جۇمە «خوراز» باققاندەك تۇم «يېشىل پەي» چىققان چۈجىدىن بىرنىمۇ چېلىقتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ ھال سامۇش مۇدىرغا كۆزگە كۆرۈنمەس بىر «خاپىلىق» نىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارلىقىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. «جۇمە ‹خوراز› دا بىزگە دېمىگەن باشقىچە بىر سىر بار بولغىمىدى-يا» دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى ئۇ بەزىدە. لېكىن جۇمە «خوراز» نىڭمۇ خېلىلا ئەنسىرەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. جۇمە «خوراز» نىڭ ئويىچە بولسا بۇ چاغقىچە چۈجىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى «يېشىل پەيلىك توخۇ» غا ئۆزگۈرۈپ بولىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنداق

www.kitaphumar.net

بولمىدى. جۇمه «خوراز» قانچه ئويلاپمۇ نىمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ تېگىگه يېتەلمەيتتى. «قانداق بولغىنى بۇ، يەم-خەشەك بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشاش، بېقىشىمۇ، ئاسرىشىمۇ ئوخشاش تۇرسا، نىمىشقا ئالدىنقى قېتىمقى چۈجىلەرگە يېشىل پەي چىقىپ هازىرقىسىغا چىقمايدۇ؟ ناۋادا بۇنچه كۆپ توخۇلار بازار تاپالماي قالسا ئەلەم بولىدۇ-دە!» دەپ غۇدىراپ قوياتتى ئۆزىگه ئۆزى.

جۇمه «خوراز» كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ناشتىغا ئولتۇردى. ئىشتىيى كۆڭدىكىدەك ئەمەسدەك قىلاتتى. ئايالى قاقپۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ، يان ئوچاقنى ئوبدان قىزىتىپ، تەلەپ-تەپچىرەپ ئۆز قولى بىلەن ياققان قاتلىمىدىن سۈتلۈك چايغا ئازراقلا چىلاپ، شۆكۈم قىلىپلا بولدى قىلدى. ئىلگىرىلەردە قاتلىما دىسە ئىشتەيلىرى ناغرا چېلىپ كېتىدىغان ئېرىنىڭ نىمىدۇ بىر ئىشتىن كۆڭلىنىڭ بىزاۋىته بولىۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان سۈپىرەمخانىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشتى.

- يەنە بىرەر توغرام چىلىمامسىلە جۇمەخۇن، كەچكىچە مىدىراپ ئارام تاپمايدىغان گەپ، ماغدۇر بولمىسا قانداق بولىدۇ؟- دېدى ئايالى قاتلىمىنىڭ سىڭىشىپ پىشقان يېرىدىن بىر توغرامنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

- بولدى يىگۈم يوق- دېدى ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، خېلى ئۇزۇن ئوقۇلغان هەمدۇ-سانا، شۈكرى-قانائەت، ئارزۇ-تىلەكلەردىن كېيىن يۈزىنى سىپاپ ئورنىدىن تۇردى- مەن چىقىپ چۈجىلەرنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ قوياي، قويلار سىلىگه قالدى ئەمىسە.

- مۇشۇ كاتىۋاشلارنىڭ بەزى ئىشلىرىغا تووۋا دىگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ، مۇشۇنداق تۇپرىقى قۇمساق، سۈيى ئەلۋەك، قانداقلا يەرگه ياغاچ سانجىپ قويسىمۇ كۆلەۋېرىدىغان ئالتۇندەك بۇ يۇرتتا باغۋەنچىلىك بىلەن شوغۇللۇنۇپ، مىڭ خىل مىۋە پىشىدىغان، جەننەتكه بەرگۈسىز باغ بىنا قىلىشلار دىمەي، هېچكىمنىڭ رەۋىتى تارتمىسىمۇ توخۇ پېرمىسى قورۇڭلار دەپ ئولغىماچ سالغىنى نېمىسى، ئادەمگه دەردىسەر سېلىپ؟- غۇدۇرىدى سۈپىرەمخان ئېرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن داستىخاننى يىغۇشتۇرۇۋېتىپ.

هىلدام مېڭىپ توخۇخانا ئالدىغا كەلگەن جۇمه «خوراز» كەلگەن يېرىدە بوزغا قاققان قوزۇقتەكلا چاس تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەر بۇ يەردە پوك چۈشكەن سەككىز، توققۇزچە چۈجە ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋاتقان ئىدى. نەچچە سېكۇنۇتلۇق تېڭىرقاشتىن كېيىن سەل-پەل ئەسلىگه كەلگەن جۇمه بىر پىنەكنى ئارتۇقراق چېكىۋەتكەن مەست بەڭگىدەك دەلدىگۈنۈپراق مېڭىپ، خورازلىقى ئېنىق ئايرىلىپ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چار چۈجىنىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

- بۇ نىمه كەلگۈلۈك ئەمدى؟ كېسەل تەككەنمىدۇ ياكى بىر نەرسه چېقىۋالغانمىدۇ؟ چېقىۋالدى دىگەندىمۇ يەتته، سەككىزنى بىراقلا چېقىۋالماس؟- دەيتتى «خوراز» شىنىدەك قېتىپ قالغان چۈجىنى قولىغا ئېلىپ تەپسىلى كۈزەتكەچ- مۈشۈكتەك بىر نەرسه بوغدىمىكى دىسە چىشلىگەن ئىزنا يوق.

www.kitaphumar.net

ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئورنىدىن تۇرۇپ توخۇخانا ئىچىگە كىردى، كىردى-يۇ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى. ئىككى ئۆچ يەردە غۇژمەكلىشىپ دۈگىدىيىپ تۇرۇشقان نەچچە ئون چۈجىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدى چاقماق سوققاندەك تىترىدى، مېڭىسىگە كالتەك تەككەندەك زىڭىلداپ، كۆزلىرى ئالا چاقماق بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنە ئازراقلا تۇرسا ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەكلا قىلاتتى.

- جۇمەخۇن! ۋاي ئادەم، نەدىسىلە!- سۈپىرەمخانىنىڭ ئەنسىز ۋاقىرىشى جۇمەنى ئېسىگە كەلتۈردى. يەم-بوغۇز ئۆچۈن توخۇخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۈپىرەم يەردە پاخپىيىپ ياتقان چۈجىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ جۇمەنى ۋاقىرىغان ئىدى.

- ھە مانا مەن بار، تولا ئەنسىز ۋاقىرىماڭلا، مېنىڭمۇ يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، مەنمۇ نىمە بولغانلىقىنى بىلمىدىم، توخۇخانىدا يەنە نەچچە ئونى شۈمشىيىپ قاپتۇ.- دېدى جۇمە توخۇخانىدىن چىقىپ. ئۇنىڭ چىرايى ھازىرلا گۆردىن چىققان گۆركارنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

- تېخى تۈنۈگۈنلا بىر ئوبدان تۇرىۋاتقان ئىدى، كېسەل تەگكەن ئوخشامدۇ؟ ۋاي ئېست، ۋاي ئېست!- سۈپىرەمخان يىغلامسىرىدى.

- ئاغزىڭغا تاش، شۇم ئېغىزلىق قىلما.- جۇمە «خوراز» نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كەتتى.- مەن ھىلدام بېرىپ ئەھۋالنى ساموش مۇدىرغا ئېيتاي، قۇش دوختىرىنى چاقىرىپ كېلىپ تەكشۈرۈپ باقسۇن.

ئۇ ئۇدۇل كەنت تەشكىلى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

- ھاي، ھاي جۇمەخۇن يول بولسۇن! دودىن قاچقان خورازدەك پالاقشىپ نەگە ماڭغانتىڭلا؟ چىرايىڭلا ئۆمسىلە تۇرىدۇ كېچىدىن بىرى سۈپىرەمخانىنىڭ ئۇستىدە ئوسۇل بولۇپ قالمىغانسىلە؟- يولنىڭ نېرى چېتىدە مېڭىپ كېلىۋاتقان ساموش مۇدىر جۇمە «خوراز» نى توختاتتى.

- ئا ئە، مۇدىر مۇشۇ تاپتا كۆڭلۈم بىزاۋىتە بولۇۋاتقاندا ئۇنداق بىمەسەل گەپ ياقامدۇ قۇلاققا، سىلنى ئىزدەپ ماڭغان شۇ.- دېدى جۇمە قىسقىلا سالامدىن كېيىن.

ئۇ توخۇخانىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى.

- نىمە دىدىڭلا، چۈجىلەرگە كېسەل تەككەن ئوخشايدۇ؟- ساموش مۇدىرنىڭ ۋۇجۇدى قەھرىتاندا كاچكۆلگە چۈشۈپ كەتكەندەك مۇزلاپ كەتتى، نىمىگىدۇ غەزىپى تېشىپ يۈزلىرى ئېسىلدى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى- ماڭ باشلا ئاداش بىزبىرىپ تۇرماي، ياخشىراق قاراشساڭ بولمامدۇ!

مۇدىرنىڭ قاردىن كېيىنكى شۇرغاندەك ئاچچىق سۆزلىرى جۇمەنى ئەينەك ئۈۋۈندىلىرىنى چايناۋاتقاندەك بىئارام قىلسىمۇ، ئۇندىمەي ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مۇدىرنىڭ كېيىنكى سەت، قوپال تىللىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانمىدى.

www.kitaphumar.net

ـ قاينىمىسلا مۇدىر، بىز قانداق قىلالايتۇق، بۇ ئىنجىمارۇقلارنى ساق ـ سالامەت چوڭ قىلىمىز دەپ قىلمىغان زىماتىمىز قالمىدى، ئەكسىنچە قانچە قىلساقمۇ يەنە شۇ بولىدىغىنى بولۋاتىدۇ ـ سۇپىرەمخان مىشىلداپ كەتتى.

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تىللاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پۇشقۇنۇپ ئىچى ئاچچىق بولمايدىغان كىم بار. جۈمە «خوراز» لارمۇ بىكاردىن ـ بىكار تىل ئىشتىشكە مۇستەھىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇدىر ئويلىغاندەك پولۇق ئەمەس ـ تە!.

ـ بولدى ماڭا مىشىلداپ بەرمەڭ، شۇ تاپتا مېنىڭمۇ ئىچىمگە ئاچچىق لىق توشۇپ تولۇم بولۇپ كەتتى ـ مۇدىرنىڭ غەزەپتىن چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ، چىرايى كۆكىرىپ كەتتى ـ مۇنداق قىلايلى، بۇ ئىشنى ھازىرچە ھېچكىم ئۇقمىسۇن، باشقىلارمۇ ئېغىزىغا ھېزى بولسۇن، بولمىسا كۆرگىلىكنى كۆرستىمەن! سىلە باغنىڭ مۇۋاپىق يېرىنى چوڭقۇر كولاپ، ئۆلگەن، شۈمشەيگەن، پەيلىرى پاخپىيىپ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ چىڭ دەسسەپ كۆمىۋېتىڭلا، ئاندىن چۈجىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيىگە تۇز، يود، مەرگەنسۇپ ۋە يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلاردىن ئوبدانراق سېلىپ بېرىڭلا.

ـ قۇش دوختۇرى بىلەن بىزنىڭ تېخنىك كۆرۈپ باقسۇنمىكىن مۇدىر.

ـ بولمايدۇ، ئېغىزىنىڭ سىرتمىسى يوق نىمىلەر ئۇ، بۇ گەپ يېيىلىپ كەتسە باشقا پېرمىدىكىلەرنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويىمىز، بولدى مەن دىگەندەك قىلىڭلا، مەن نىزامدىن، سادىق، مەخەيلەرنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، ئۇ يەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بارمۇ يوق؟ ـ مۇدىر «ئىت قوغلىغان گاچا» دەك ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

قورقۇنۇچلۇق ۋەھىمە سايە تاشلىغان شۇ كۈندىن باشلاپ جۈمەنىڭ، جۈمەنىڭلا ئەمەس، يېزا كادىرى بولۇش ئۈمىدىنى «يېشىل پەيلىك توخۇ» غا باغلاپ، كەلگۈسىدىكى «لوخ گۆش» تىن تاما تارتىپ، ئېغىزىنى كۈندە نەچچە رەت تامشىپ تۇرغان سامۇش مۇدىرنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى.

* * * * * * * * * * * * * * * *

شۇ كۈندىن باشلاپ سامۇش مۇدىر، جۈمە «خوراز» لارنىڭلا ئەمەس، سادىق، نىزامىدىن، مەخەي ۋە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باشقىلارنىڭمۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، ئەتىدىن كەچكىچە غورا يەۋالغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ، سۇسراپ چۇخرىغان بوزدىكى يۆگىمەچتەك سولىشىپ، كۈلكە دىگەنگە ئەسلا رەۋىتى يوق، ئۈن ـ تىنىسىز يۈرىكىنى تىڭشاپ يۈرىيدىغان بولۇپ قېلىشقان ئىدى. ئۈچ، تۆت كۈندىن بۇيان قۇش دوختۇرىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا بارلىق چۈجىلەرگە ئۇكۇل سېلىنىپ، دورا بېرىپ يۇقۇش ئېھتىمالى بولغان كېسەلنىڭ ئالدى ئېلىنغاندەك قىلىنغان

بولسموۇ، كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى ۋەھىمە بۇلتى تېخى تارقاپ كەتمىگەن ئىدى.

«قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، دەل مۇشۇنداق پەيتتە يېزا باشلىقى پەرھات، ئورۇنباسار يېزا باشلىقى تىلۋالدى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ توخۇ باقمىچىلىق پېرمىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇلارنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋاتتى.

ساموۇش مۇدىر تەكشۈرۈش گورۇپپىسى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن پىكىردە بىرلىككە كېلىۋېلىش مەقسىتىدە كەنت كومىتېت كادىرلىرى، پېرما باشلىقلىرى ۋە پېرمىنىڭ ئاسازلىق غوللۇق ئەزالىرىنى مەجلىسكە چاقىرغان ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى.

ـ كېلىدىغانلا ئاساسەن يىغىلىپ بولدۇق، ۋاقىت زىخ، شۇڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا دەي، يېزا ياشلىقىنىڭ تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقىدىن ھەممىمىز خەۋەر تاپتۇق، ئۇلار قاقپودىلا يولغا چىقىپتۇ. ئەمدىكى گەپ خىزمەتنى قايسى تەرتىپتە دوكلات قىلىش، باقمىچىلىقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قايسى يوسۇندا تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنى قەيەردە قانداق كۈتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلىۋېلىش ئىنتايىن موھىم ئىش دەپ قارىدىم. شۇڭا ۋاقىتنى سوزماي مەن ئاۋال قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي، ئاندىن بۇنىڭغا سىلەرنىڭ قانداق پىكرىڭلار بار ئاڭلاپ باقايلى، مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ـ ساموۇش مۇدىر مەجلىسنىڭ مەقسىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ـ شۇنداق قىلايلى، مۇدىر ئاۋال ئويلىغانلىرىنى دەپ باقسۇن، قانداق دېدىم؟ـ دېدى ئورۇنباسار مۇدىر سادىق ئاۋال ئىپادە بىلدۈرۈپ. بەزىلەر «بولىدۇ» دەپ، بەزىلەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئىپادە بىلدۈرۈشكەندىن كېيىنلا ساموۇش مۇدىر گەپ باشلىدى.

ـ گەپنى قىسقا قىلسام، مەن دوكلاتنى قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم، مېنىڭچە يەنىلا ئىلگىركىدەك «تۆگىمنى تۆگە كۆرسىتىپ» تەرەققىياتنى، نەتىجىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرسەك، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ چۈجىلەرنىڭ ئۆلۈش، كېسەل بولۇش ئەھۋاللىرىنى تىلغا ئالمىساق، ناۋادا باشقىلىرىمىزدىن ئەھۋال ئىگىلەش مەقسىتىدە سوراپ قالسا، گەپ-سۆزگە دىققەت قىلىپ، ياخشى تەرەپتىن سۆزلىسەك ـ دېدى مۇدىر ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ. مەجلىسخانىنى جىم-جىتلىق باستى.

ـ قېنى كىمنىڭ باشقىچە پىكرى بار، مۆرىگەچ تۇرمامسىلەرـ سادىق مۇدىر دەۋەت قىلدى.

ـ شۇ يوق ئىشنى قانداقمۇ بار دېگىلى بولا، مېنىڭچە بارنى بار، يوقنى يوق دېسەك، ئۆتكەن كۈندىكى چۈجە ئۆلۈش، شاخىنەك بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرىنىمۇ ئەينەن ئېيتساق ياخشى بولامدىكىن دەيمەنـ دېدى بارنەم كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

ـ بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، چۈجىنىڭ ئۆلگەن، چىچقاقلىغان ئەھۋالىنى ئىنكاس

www.kitaphumar.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلساق «پوقنىڭ پۇپىگى» چۈۋۈلىمامدۇ، ئۆزىمىزگە ئىش تاپماي ساموش مۇدىرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلايلى.- دېدى نىزامىدىن قىزىرىپ، تاتىرىپ.

ــ ناۋادا، شۇ تەرەپتىن چاناپ قالسا .....ــ جۇمە گەپ قىلاي دەپ ئېغىز ئېچىۋىدى، سادىق بىلىگە تەپتى.

- تازا بىر پولۇق ئاداشتە بۇ، كىم ساناپ ئولتۇرىدۇ، كاتىۋاشلارنى بىكار كۆرۈپ قالدىڭلارما؟ خاتىرەڭلىنى جەم قىلىپ تۇرۇڭلا، ئۇلار زىبىز ئۇنداق ئەخمەق ئىشنى قىلمايدۇ، كېلىشتۇرۇپ كۆتىۋالساقلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ شۇ- سادىق مۇدىر كۆرەڭلىگەندەك گەۋدىسىنى تىكلەپ مىدىراپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن بىلەرمەن چاغلايتتى.

ــ يۇقىرىدا بەلەن گەپلەر بولۇندى، گەپ شۇنداق بولسۇن، ھېچكىمنىڭ قالايمىقان سۆزلىشىگە رۇخسەت يوق! ۋاقىت بىر يەرگە باردى، ئۇلارنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ھەممىمىز ئورنىمىزغا قايتىپ تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرايلى.- دېدى ساموش مۇدىر مەجلىسنى خۇلاسىلاپ.

* * * * * * * * * * * * * * * * *

جۇمە ئەتتىگەندىلا شۇمشۇيۇپ قالغان 30 دىن ئارتۇق چوجىنى كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن ئورەك كولاۋاتاتتى، بارىتەم يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى.

- چاپسانراق بول «خوراز» تەكشۈرگۈچىلەر كەلگىچە چوجىلەرنىڭ سۆيىنى يەڭگۈشلەپ بولمىساق بولمايدۇ، ، داۋۇتەم رىيىمقۇل تۇدىلەكلەر چىقىرىندىلارنى توشۇپ بولاي دېدى، ئاياللار ھويلائارنى سۆپۈرۈپ سۇ سېپىپ بولدى، ھازىر توخۇخانا ئەتراپىنى پاكىزلاۋاتىدۇ- دېدى «خىزمەت دوكلاتى» قىلىۋاتقاندەك.

- ئوبدان، ئوبدان، ئارامىلىق يوقتە بىزگە، سەل تەخىر قىلىڭلا يەنە ئازراق كولاي، دۆڭ بولۇپ قالسا بولماس.- جۇمە سەل تىنىۋېلىپ يەنە كولاشقا باشلىدى.

- بولدى قىلىڭلا، كۆمۈلسىلا بولمىدىمۇ، تاقلاپ چىقىۋالاتتىمۇ ئۆلۈك چوجە.

تەكشۈرۈش گورۇپپىسىدىكىلەر جۇمەنىڭ پىرمىسىغا كەلگەن چاغدا كۈن پىشىمدىن ئاشقان ئىدى. جۇمە، بارىتەم، داۋۇتەم، رىيىمقۇل، تۇدىلەكلەر چوجىلەرنىڭ سۇ قاچىسىنى يۇيۇپ تازىلاپ سۆيىنى يەڭگۈشلەۋاتقان ئىدى.

- چىستەك بولۇپ كېتىپتىغۇ ھويلائارام، ئىككى كۈندە بىر تەكشۈرۈپ تۇرساق بولامدۇ نىمە؟- دېدى تىلىۋالدى بوسۇغا ئاتلا ئاتلىمايلا.

- سەھرالىق بولساقمۇ ھويلائارامنى چىندەك تۇتىمىز يېزا باشلىقى، توخۇ باققانلارنىڭ ھويلىسىنى توخۇخانىدەك بولىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىلە؟- سۆپىرەم بىر نىمە دىگۇچە بارىتەمنىڭ

www.kitaphumar.net

ئايالى جاۋىلدىدى.

ــ ھەرقـانچە قىلساڭلارمۇ تـايىنلىق بىـر يېـرى بـىـرنىمە، مانـا قارىمامسىلەر ساماندىلىقنىڭ ئەتراپىدا ساپلا توخۇ پوقى تۇرمامدۇ ئەينا- دېدى قاپىقى تۈرۈلگەن يېزا باشلىقى قۇسۇر ئىزدەپ.

- قارىسىلا يېزا باشلىقى، توخۇ باققان ئائىلىدە ئانچە مۇنچە توخۇ پوقى بولماي ئات تېزىكى بولامتى ئەمدى، توخۇ دېگەننىڭ بىرنىمىسىنى تىكىپ قويغىلى بولمىسا يا؟- سۇپىرەمنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

- ھاي، ھاي! بولدى قىلىڭلا، ئايال خەق دېگەن ئىغىز غېرىچلىمايدىغان، خۇش كەپسىز يېزا باشلىقى- دېدى تۇخۇخانىدىن چىققان بارىتەم قول باغلاپ تۇرۇپ.

- ھە، پېرماڭلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ چۈجىلەر توخۇ بولدىمۇ يا؟- سورىدى يېزا باشلىقى سۇپىرەمگە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ.

- شۇنداق، شۇنداق توخۇ بولاي دېدى،- بـارىتەم «چـۈجە توخـۇ بولمـاي ئـوغلاق-پـاقلان بولاتتىمۇ» دەي دېدى-يۇ، غۇرتتىدە يۇتۇنۇپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى،- لېكىنزە خورىزى سەل ئاز، مېكيانلىرى كۆپتەك قىلىدۇ.

ــ ئۇنـداقتا مـاۋۇ قېـرى «خـوراز» نـىڭ كـۆنى تەس بولـىدىغان بوپتـۇ-دە؟ «غۇلجىـدا تۇققانلىرىمىز بارمۇ» دەپ سوراپ يۈرمىگىدى ئەمدى،- تىلۋالدى چاقچاقتا يولدى. لېكىن يېـزا باشلىقىنىڭ چىرايى ئىچىلاي دىمەيتتى. چۈجىلەرنىڭ تېخىچە يېشىل پەي چىقارمىغىنى ئـۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. قاچان بىـر يامـان يەردىـن سـوراپ قـالاركىن دەپ سـامۇش مۇدىرمۇ، جـۇمە «خوراز» مۇ دەككە-دۈككىدە ئىدى. كۈتۈلمىگەن سۇئال ئاخىرى سورالدى.

- ئالدىنقى قېتىمدا چۈجىلەر بۇنچىلىك بولۇپ بولغىچە غىلتاڭ يېشىل پەي چىقىپ بولغان، ماۋۇ چۈجىلەرنىڭ بىرسىگىمۇ يېشىل پەي چىقماپتۇغۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟- يېزا باشلىقى جۇمەگە تىكىلدى. جۇمە كېسەل چۈجىدەكلا شۈمشىيىپ گەپ قىلالماي قالدى.

- بىزمۇ ھېچ بىلەلمىدۇق يېزا باشلىقى، تەخنىكلارمۇ بىلەلمىدى، بولمىسا پەرۋىشنى ياخشى قىلدۇق- دېدى سامۇش مۇدىر تېنەپ-تەمتىرەپ تۇرۇپ.

- ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە ۋىلايەت رەھبەرلىرى مۇشـۇ كەنتنىـڭ «يېشـىل پەيلىك توخـۇ» يېتىشـتۈرۈش ئەھـۋالىنى مەخسـۇس تەكشـۈرۈپ-تەتقىـق قىلغىلـى كېلىـدىغان تۇرسـا، ھـالا بۇگۈنگىچە پېرملاردا «يېشىل پەيلىك توخۇ» دېگەندىن ئەسەرمۇ بولمىسا، بۇ ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتكۈلۈك ئەمدى- يېزا باشلىقى چىڭقىلىپ قالدى.

- شۇ ئەمەسمۇ، مېنىڭچە چۈجە بېقىشتا چۇقۇم بىر مەسىلە بار، بولمىسا جۇمە «خوراز» نىڭ ئالدىنقى قېتىملىق چۈجىلىرىگە يېشىل پەي چىقىپ، بۇ قېتىمقىسىغا چىقماي قالامتى؟ـ دېـدى تىلۋالدى ئەتەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ.

- جۇمەخۇن، قارىسام چۈجىلەر سەل ئازلاپ قالغانـدەك تۇرىـدىيا، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بەكـلا

www.kitaphumar.net

ئۇرۇق، قانداق باقتىڭلا بۇ چوجىنى؟ مۇشۇ تۇرقىدا ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرگە قانداق جاۋاپ بېرىمىز؟ـ يېزا باشلىقى ئەتراپتا ناساز چۇرۇقلىشىپ يۈرگەن چوجىلەرگە قاراپ قويۇپ، جومەگە ئالىيىپ قارىدى.

ـ ئاز... ئازلاپقۇ كەتمىدى، شۇ لويىللىق ئارىسىغا ....

ـ بېقىشىنىغۇ ئوبدان باققان، لېكىن چوجە بەك جىق، سورۇن سەل تار بولۇپ قالغاچقا تازا سەمرىپ كېتەلمىدى، ـ دېدى سامۇش مۇدىر جومەنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. ئۇ جومەنىڭ پەلە-پەتىش سۆزلەپ قېلىشىدىن، بەزى سىرلارنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى.

ـ ئاتا، ئاتا، مانىڭغا قاراڭ، چىرايلىق چار خورازدىن بىسى، سېرىق توخۇدىن بىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، يەنە نەچچىسى شۈمشىيىپ بىر يەرگە يىغىلۋاپتۇ ئا باغىنىڭ بۇلۇڭىدا،ـ دېدى قاياقتىنىدۇ ئۆلۈك چوجىدىن ئىككىنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ كەلگەن بارىتەمنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى چۈڭچۈلداپ. بىردىنلا ھەممىنىڭ كۆزى بالىغا ئاغدى. بىرلىرىنىڭ يۈزىگە غەزەپ ياماشتى، بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىدى.

ـ يوقال كۆزۈمدىن ھۇ «قوك دۈشمىنى»، چوجىگە ئوبدان قارا دىسە، داپ تاراڭلىغان ئېشەك ھاڭرىغان يەردە تاقلاپ-سەكرەپ يۈرۈيسەن، مۇشۇنداق بىمەسەل چاغدا «تۇماققا پوق ئۇسسۇپ» ئادەمنى دەردىسەر قىلدىڭا، ھۇ ھارام تاماق گۆمۈش، ئېشىكى بەش تەڭگە توقۇمى ئون تەڭگە بولدىغان بولدى مانا؟ـ بارىتەم ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى.

ـ بولدى قىلىڭلا ئەمدى، نىمىگە ئۇنچە ۋارقىرايسىلە شۇنچە!ـ يېزا باشلىقىنىڭ ئاۋازى بوراندەكلا چىقىپ كەتتى.

ـ مەن ھەرقايسىلىرىغا ۋارقىريالمىغاندىكىن، ئوغلۇمغا بولسىمۇ ۋارقىرىغىلى قويالا باشلىق، ئوغلۇمغا بولسىمۇ ۋارقىراپ سۆزلىسەم قورسىقىمدىكى نەچچە تۇلۇم بولغان دەردىسەرلىرىم چىقىپ، بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولىدىكەنمەن،ـ بارىتەمنىڭ چىرايى ئۆمسىلا بولۇپ، لەسسىدە جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

ـ كىچىك بالا دىگەن ھەرقايسىڭلىدەك ساختىلىقنى بىلمەيدۇ، مەن بايا نىزامىدىنىنىڭ چوجىلىرىنى كۆرگەن چاغدىلا بىر ئىشنى پەرەز قىلغان، پەرىزىمدىكىدەك چىقتى مانا!ـ يېزا باشلىقى تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كوچەپ بىرقانچە رەت شورىغاندىن كېيىن سامۇش مۇدىرغا قادالدى، نىمە دىيىشسەك بولا سىلە بىلەن؟ مۇدىرلىقنى مۇشۇنداق قىلدىڭلىما؟! قاراپ تۇرۇپ توخۇلارنى ئاغرىتىپ قويغىنىڭلا نىمىسى؟ بۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن، ئېنىقراق دىگەندە مەن بىلەن قارشىلاشقىنىڭلا بولماي نىمە؟

ـ ئەمدى شۇ، بىز بارلىق چارە-تەتبىرلەرنى قوللاندۇق. بۇرۇنقىلار «كېسەلنى يۇشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا؛ يۇرىمايدىغان يوق، ئىس چىقمايدىغان ئوت يوق» دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن، راست، بىز ھەممىمىز باش قوشۇپ چوجىلەرگە كېسەل تەككەنلىكىنى، بىر قىسىملىرىنىڭ

www.kitaphumar.net

ئۆلگەنلىكىنى كاتىۋاشلىرىمىزدىن سىر تۇتقان ئىدۇق، مانا ئەمدى ھەممىسى ئاشكارە بولدى. سامۇش مۇدىرمۇ جىق كۆچىدى، لېكىن بۈيرۈق بىلەن جەرىمانە ئالغىلى بولغان بىلەن، چۈجىنى كېسەلدىن، ئۆلۈشتىن ساقلاپ قالغىلى بولمايدىكەن، بىزنىڭ بۈيرۈقىمىز قانچىلىك كۈچ كۆرسىتەلەيتتى،چۈجىلەر بۈيرۈق بىلەن ساقىيىدىغان ئىش بولسا ئوكۇل سالىمىز، دورا بېرىمىز دەپ ئاۋارە بولاتتۇقمۇ؟ ئەمدى ھەرقايسىللىرى خاپا بولۇشماي، ئىلتىپات قىلىپ مۇۋاپىق بىر يول كۆرسىتىشكەيلا.- دېدى سادىق گۇناھكارلاردەك، بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ.

- ئوسۇرۇق! ھەممىڭلا نان قېپىلا، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلا، بولۇپمۇ سادىق، نىزامىدىن، مەخەي، جۇمە يەنە سامۇش مۇدىر سىلىمۇ، ھازىردىن باشلاپ ھەر قانداق چارە تەتبىر قوللانساڭلارمۇ مەيلى، بىرمۇ چۈجىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەكشۈرۈشكە كېلىشتىن بۇرۇن بارلىق چۈجىلەرگە يېشىل پەي چىقىپ بولىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ھەممىگە پۇر كەتكەن «يېشىل پەيلىك توخۇ» بازىسى دېگەن نامىمىز يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ! ئۇ چاغدا سىلە بىز ھېساپىنى سەل ئىنىچكە قىلىشىپ قالىمىز، يەنە دەپ قوياي بىر چۈجە ئۆلسە ئىككى چۈجىنىڭ پۇلىنى جەرىمانە تولەيسىلەر!- يېزا باشلىقى قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.- بۇ ئىشتا جۇمە «خوراز» ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىنى باشقىلارغا ئەستاھىدىللىق بىلەن ئۆگىتىشى لازىم. باش تارتىشقا بولمايدۇ.

- بۇ، بۇ ... مەن ھېچنىمىنى بىلمىسەم، ئۆگەتكىدەك قانداق تەجرىبە بولسۇن! ھەممىڭلا بىلىسىلە، مەن ئادەتتە «ئاق تۇخۇمنى قىزىلغا بوياپ سېتىش» نىمۇ بىلمەيدىغان توم تۇرۇك ئادەم تۇرسام ... مەن .. مەن ...

- نىمە دېدىڭلا، «ئاق تۇخۇمنى قىزىلغا بوياپ سېتىش» نىمۇ بىلمەيمەن دېدىڭلىما؟- تىلىۋالدى جۇمەنىڭ گېپىنى بۆلدى. ئۇ نىمىنىدۇ خىيال قىلغاندەك دەقىقە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، خۇددى ئاچكۆز بايغا گۆھەر ئۇچرىغاندەك يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى.- تاپتىم يېزا باشلىقى، مەن بىر ئەقىل تاپتىم.

- قېنى دىمەمسىلەر، ئادەمنى تەقەززا قىلماي.

– ئەتىيازدا مەن شەگە كىرگەندە تەيتەيلەرنىڭ يۇمران پەيلىرى رەڭگارەڭ بويالغان چۈجىلەرنى يېشىككە سولىۋېلىپ كوچىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇن، ئونبەش كويىدىن سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، بىزمۇ تەكشۈرگۈچىلەر كەلگىچە چۈجىلەرنى بوياپ تۇرامدۇق يا؟

يېزا باشلىقى قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى چۆرىۋېتىپ باشقا بىرنى تۇتاشتۇردى. ئۇ ئاغزىغا لىق تولغان كۆككۈچ ئىسلارنى ئاسمانغا قاراپ ھالقاسىمان چىقىرىپ پۈلىۋاتپاندىن كېيىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىقتى. ئاندىن:

– شۇنداق قىلساق بولارمۇ، ھەرقايسىڭلا قانداق قارايسىلەر؟– دېدى. ھېچكىم ئېغىز

www.kitaphumar.net

ئاچمىغاندىن كېيىن نەزەرىنى يەنە تىلۋالدىغا ئاغدۇردى_ سىلە يېزىمىزنىڭ پەن_تېخنىكا ئىشلىرىغا كونكرېتنى مەسئۇل، دەپ بېقىڭلا سىلىنىڭچە شۇنداق قىلساق ئەپلىشەمدۇ؟

ـ ھازىر ۋاقىت بەك زىخ، چوجىلەرگە نەچچە كۈن ئىچىدە يېشىل يەي چىقىرىپ بولىمىز دېيىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مېنىڭچە ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغىنىمىز مۇۋاپىق بولارمىكىن.

ـ نەچچە ئون مىڭ چوجىنى قانداقمۇ بوياپ بولغىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بويايمىز دەپ سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئوبدان چارە ئەمەس!ـ دېدى بارىتەم باش چايقاپ.

ـ ئىمىشقا ئۆلۈپ كەتكىدەك، تەيتەيلە ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان چوجىنى بوياپ بازاردا ساتسا ئۆلمەيدىكەن، بىزنىڭ كەپتەردىن چوڭ بولۇپ قالغان چوجىنى بويىساق ئۆلۈپ قالاتتىمۇ؟ـ دېدى تىلۋالدى كۆرەڭلىك بىلەن.

ـ مېنىڭچە يېزا باشلىقىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق بويىساق بويايلى، لېكىن بىربىرلەپ تۇتۇپ بويايمىز دېسەك نەچچە ئون كۈن كېتەرمىكىن؟ـ دېدى سادىق ئاۋاز قوشۇپ.

ـ ئۇنىڭ چارىسى ئاسان، ئاۋال توخۇخانىنىڭ ئالدى توسىقىغا چاپلاپ، كەڭلىكىنى بىر مېتىر، ئۇزۇنىنى ئىككى مېتىر، چوڭقۇرلىقىنى ئەللىك سانتا قىلىپ، سۇ سىڭمەس سېمونۇت كۆلچەكتىن بەش، ئالتىنى ياسايسىلەر، ئۇدۇلدىن ئىككى ئۇچ چوجە بىمالال پاتقىدەك تۆشۈك ئاچىپ، ئاندىن كۆلچەككە سۇ تولدۇرۇپ، ناماتمانلارنىڭ يۇك بويايدىغان مەخسۇس رىڭىدىن كۆپرەك قويۇپ ئارلاشتۇرۇپ، ئاچقان تۆشۈكنى ئېچىۋاتساڭلا چوجىلەر ئۆزلا بويۇلۇپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ـ تىلۋالدى «دانا» چارە كۆرسەتكەندەك ئۇياق، بۇياققا قىمراپ قويدى.

ـ شۇنداق قىلغانغىلا چوجە ئۆزى چوشەمدۇ رەڭ سۇيىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانتى تۇرسا تاقلاپ ئۆتۈپ كەتمەمدۇ؟ـ دېدى جۇمە بۇ ئىشقا ئەقلى يەتمىگەندەك.

ـ باش قاتۇرساق بولمايدىغان ئىش يوق، چوجىلەرنىڭ بارىنى توخۇخانىغا سولاپ بىر كۈن ئاچ قويۇپ ئاندىن تۆشۈكنى ئاچساڭلا ئۆزلا بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ سەكرەيدۇ رەڭ سۇيىگە، ناۋادا تاقلاپ ئۆتۈپ كەتكىدەك بولسا تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا يامزاپ كۆلچەك ئۈستىنى ئوراپ تور بېكىتىپ قويساڭلا دەل سۇغىلا سەكرەيدۇ.

يېزا باشلىقىنىڭ يۈزىگە سەل كۈلكە يۈگۈردى.

ــ مېنىڭچە تېلۋالدىنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق، نىمىلا بولمىسۇن تېخنىك_دە! شۇنداق قىلايلى. ھازىردىن باشلاپ كەنتنىكى ئۇششاق چوڭ، پىششىق_تۇڭ ھەركەتكە كېلىپ ئەتە، ئۆگۈن ئىككى كۈن ئىچىدە چوجە بوياش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولۇڭلا. بۇ ئىشقا ئورۇن باسار يېزا باشلىقىمىز تىلۋالدى بىلەن ساموش مۇدىر كونكرېتنى مەسئۇل بولىدۇ. مەن ئىندىللىقا شەخسەن تەكشۈرگىلى كېلىمەن.

www.kitaphumar.net

بۇ چارە توخۇ باققۇچىلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىسىمۇ، يەنىلا قولمۇ-قول تۇتۇپ ئىش باشلاپ كەتتى.

* * * * * * * * * * * * * * *

ئەتىسىدىن باشلاپ ھەرقايسى پىرمىلار چۈجىلەرنى يېشىل رەڭدە بوياش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۈنى ھاۋا تازا ئۇچۇق بولمىغاچقا رەڭ كۆلچىكىگە بىر قېتىم چۆكۈپ پالاقشىپ چىقىشقانلىقى بىلەن، چۈجىلەر پېتراپ كېتىشتى.

ئەتىسىگە ئالدىراش پارقىراپ چىققانلىقى، شۇ كۈنىنىڭ كەچكىچە ئاپتاپلىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمىگىنىدەك، مەلۇم بىر چارە تەتبىرنىڭ تەساتدىبى ئۇتتۇرىغا قويۇلىشى، شۇ تەتبىرنىڭ مۇتلەق ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى.

پاجىئە ئىككىنچى كۈنى يۈز بەردى. رەڭ سۈيىگە چۆكۈرۈلگەن چۈجىلەر دەسلەپكى كۈنى ھېچنېمە بولمىغاندەك لويلازارغا شۇڭغۇپ كېتىشكەن بولسىمۇ ئەتىسى يېرىمدىن كۆپرەك چۈجە لويلازارلىقتىن چىقالماي توپ-توپى بىلەن جايىغىلا پوك چۈشكەن ئىدى.

جۇمە «خوراز»، بارىتەم، داۋۇتەم، رېيىمقۇل، تۇدىلەك «موخۇر» لارنىڭ بېشىغا تور كەتتى. سادىق، نىزامىدىن، مەخىيلەرنىڭ پىرمىسى تېرەپتىنمۇ ئەرلەرنىڭ ئېغىر ئۇھسىنىشلىرى، ئاياللارنىڭ قىيا-چىيا قىلىشىپ دات-پەرياد كۆتۈرۈشلىرى ئوكسىمىدى. ئەزالار چۈجە ئۆلۈكلىرىنى كۆمۈپ تۈگىتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، ئاۋال بىر يەرگە يىغىپ دوۋىلاپ بىر تەرەپ قىلىشىنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ئۆلمەي قالغانلىرى بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ، ئېرىنگەندەك ئاندا ساندا چۇرۇقلاپ قويۇپ، ئېچىنىشلىق تىترىشىپ تۇرۇشلىرى، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

سامۇش مۇدىر خام ياغ ئېچىۋالغانىدەك گاراڭ ھالدا، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ سادىق مۇدىرنىڭ پىرمىسىغا كەلگەندە يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان سادىق باش-كۆزلىرىگە چاپلاشقان ئوت-خەسلەرنىمۇ چۈشۈرۈۋەتمەي، پىرما مەيدانىدا خامانلىكى ئۈنجە دۆۋىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئۆلۈك چۈجە دۆۋىسىگە مىختەك تىكىلگىنىچە، خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ئۆز-ئۆزىگە نىملەرنىدۇ پىچىرلاپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. سامۇش مۇدىرنىڭ گازىر كۆزلىرى كېرىلىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى.

— بولدى، ئىچىڭلىگە ئېلىپ كەتمەڭلا، بولىدىغان ئىش بولدى، يەنە سىلى، بىز بولغاندىكىن بىر ئامال قىلىپ تىرىكچىلىكنى قىلىپ كېتەلەيمىز- سامۇش مۇدىر ئاستا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ شۇنىلا دىيەلىدى.

- قۇرۇپ كەتسۇن شۇنداق تىرىكچىلىكلىك! ھۇ، ھۇ، ھۇھ! .... مەنىلا ئۆلۈپ تۈگەشسەم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بولمامدۇ، ھۇ، ھۇ، ھۇھا! بانكىنىڭ قەرزىنى قانداق قايتۇرىمەن، ئەل-ئاغىنىلەردىن ئالغان قەرزلەرنى قانداقى قايتۇرىمەن! تۈگىدى! ھەممىسى تۈگىدى! ھۇ، ھۇ، ھۇھا! ....

سادىق بىردە يەرنى مۇشلاپ، بىردە يەرنى قاساپ، بىردە ئۆزىنى كاچاتلاپ، بىردە قاتتىق يەردە دومىلاپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

نىزامىدىننىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتەر ئىدى. ئۇ ساراڭنىڭ ئۆزىلا بوپ قالغان ئىدى. سامۇش مۇدىر ئۇلارنىڭ پىرمىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. نىزامىدىننىڭ ئايالى كەلگەن پېتى سامۇشنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

ــ ھەممە دەردىسەرلەرگە مۇپتىلا قىلغان سەن دۇگدۇك، چوجىلەرنى تولە، چوجىنى بوياتقۇزمىساڭ ئۆلۈپ قالمايتتى، ناۋادا ئېرىم ئاچچىق يۇتۇپ بىر ئىش بولۇپ قالسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن تېخى، ھۇ، ھۇ، ھۇھا! بار چاغدا تاۋاقنى تەك يالىغان توختىقارى، ئابدۇللا، قادىراخۇندەك نامەرتلەرمۇ مانا ئەمدى پېشىنى قېقىپ كېتىشتى، بانكىدىن تەڭ شېرىك ئالغان قەرزگىمۇ ئىگە بولۇشمىدى، تۆت بالا بىلەن قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ ھۇ، ھۇ، ھۇھا! ...

نىزامىدىننىڭ ئايالى پالاققىدە يەرگە يىقىلغاندىلا ئۇنىڭ قولى سامۇش مۇدىرنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىدى. مۇدىر نىمە قىلارنى بىلمەي بىردەم تېڭىرقاپ قالغاندىن كېيىن، ياندا شۇمشىيىشىپ تۇرغانلارغا ئىشارە قىلىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، چاي ئىچىرىشنى تاپىلاپ قويۇپ، جۇمەلەرنىڭ پىرمىسىنى كۆزلەپ ماڭدى.

سامۇش مۇدىر يولدا كېتىۋېتىپمۇ بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرەلمىدى. «جۇمە بىچارىمۇ سادىق مۇدىردەك ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا نىمە دەپمۇ تەسەللى بېرەرمەن» دەپ خىيال قىلىپ كەلدى. لېكىن جۇمەگە تەسەللى بېرىش كەتمىدى. ئۇ تېخىمۇ يوغان بىر دۆۋە چوجە ئۆلۈكىگە قاراپ ئورا كۆزلىرىنى مىت قىلىپمۇ قويماي، بىر نوقتىغا تىكىلگەنچە ئولتۇراتتى. بەزى بەزىدە چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويىسمۇ، ئويچان كۆزلىرى قوروپ قاغجىراپ كەتكەندەك بىر تېمىمۇ ياش چىقمايتتى.

ـ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما «خوراز»، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ- دېدى سامۇش مۇدىر جۇمەنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

ــ شۇنداق، بىزدە نىمە ئامال، تەقدىر بىزگە بۇيرىمىغان چېغى، بولمىسا ھەممىمىز توخۇخانىدىن نېرى كەتمىدۇق. لېكىن شۇنچىلىك ئەقىدە قىلساقمۇ چوجىلەر ئۆلۈپ قۇتۇلدى، بار دەردىسەرگە سىلى، بىز قالدۇق- دېدى جۇمە چوجە دۆۋىسىگە چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ.

شۈكرى قىلىش، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئىنسانىنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقى بولسا كېرەك. بۇرۇن ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان مۇنۇ قوتۇر «خوراز» ئەسلى شۈكرى-قانائەتنى، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سادىق، نىزامىدىن، مەخەيلەردىمۇ

www.kitaphumar.net

مۇشۇنداق مەنىۋى بايلىق بولغىنىدا ئىدى قايغۇ-نادامەت ئوچىقىدا پۇچۇلۇنۇپ تولغانمىغان بولاتتى. «ئېسىت مەخەيغۇ مەيلى، لېكىن ئاۋۇ ئىككىسى بەردەم ئەرلەر تۇرۇپ رەھىمسىز قىسمەت ئويقىنىغا غەرق بولۇپ كېتەرمۇ؟ يېتىلگەن ئەر ئۈچۈن كۆزىدىن ياش تۆكۈش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس-تە! خۇداغا شۈكرى ھەرنىمە بولسا مەنمۇ مەبلەغنى كۆپ سېلىۋەتمەپتىكەنمەن». ئېرىراقتا چوڭ سۈپۈرگىنىڭ دەستىسىگە تايىنىپ تۇرغان سۈپىرەمنىڭ بوش ئاۋازدا مىشلىدىشى ساموش مۇدىرنى خىيالدىن ئويغاتتى.

سۈپىرەم ئۇن سېلىپ يىغلىمىغىنى بىلەن كۆزلىرىدىن ھەسرەت يېشى، نادامەت يېشى، چارىسىزلىق يېشى بىر كېچىدىلا قورۇق چۈشۈپ كەتكەنىدەك بولۇپ قالغان، نۇرسىز مەڭزىنى بويلاپ دومىلايتى. ۋۇجۇدى شۇرىغان سوققان كۆچەتتەك سوغۇق تىترەيتتى، تىنىقلىرى بىر ئۈزۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى.

* * * * * * * * * * * * * * * *

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن چۈجە ئۆلۈكلىرى بېنزىن چېچىلىپ پاك-پاكىز كۆيدۈرۈلۈپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، مەھەللە ئاسمىنىدىكى قۇيقا پۇرىقى ئاستا-ئاستا تارقاپ كەتتى. بۇگۈن ئىشىك ئالدىلىرىغا چىققان دېھقانلار بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ دوقمۇشتىكى قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ قېلىشقان ئىدى.

- تىلۋالدىنىڭ دىيىشچە، چۈجىلەر «قۇش زۇكىمى» بىلەن يۇقۇملانغانمىش، شۇڭا بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرگەنمىش- دېدى تۇدىلەك «موخۇر» تېرەكنىڭ غولىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، چۈجە پاجەسى توغرىسىدا گەپ بولىۋاتقاندا.

- پوقىنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ، بىزنىڭ بۇ خىلۋەت ماكاندا جاھاننىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە تارقالغان «قۇش زۇكىمى» نىمىش قىلسۇن! ھەممىسى شۇ رەڭ سۈيىگە چۆكتۈرگەننىڭ كاساپىتى، كېسەل تەككەن چۈجە بىلەن تەگمىگەن چۈجىنى ئايرىماي قارا قويۇق بىر كۆلچەكتە رەڭ سۈيىگە چۆكتۈرسە ساقلىرىغىمۇ كېسەل يۇقماي قالامتى ئەمىسە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ كۈنلەردە ھاۋا تۇتۇلۇپ سوغۇق بولۇپ قالدى، ئاپتاپ چىققاندا بويايلى دىسە ئۇناشمىدى. چۈجىلەر تېز قۇرۇپ بولالماي سوغۇق ئۆتكەن گەپ. «قۇش زۇكىمى» يۇققان دېگىنى ئېنىقلا كاتىۋاشلارنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشتىكى باھانىسى بۇ- دېدى تۇراپ توڭگۇز چىشلىرىنى غۇچۇرلۇتۇپ تۇرۇپ.

- بىر مەھەل مۇكاپات ئېلىش، ئۆستۈرۈلۈپ يېزا كادىرى بولۇش تەمەسىدە شاپاشلاپ كەتكەن مۇدىرىمىز پەسكويغا چۈشۈپ قالدىغۇ؟

- پەسكويغا چۈشمەمتى ئەمىسە، ئۇنىڭ جانان تەخسىسى چۈل-چۈل چېقىلغان تۇرسا،

www.uyghurkitap.com


ئۇخلىسمۇ چۈشلىرىدىن چىقمايدىغان بارلىق شېرىن ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بىراقلا تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى-دە بايقۇشنىڭ. ئاچچىقنى كىمدىن ئالا ئەمدى؟

ــ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىكىلەر يېزا باشلىقى پەرھات بىلەن ئورۇنباسارى تىلۋالدىنىمۇ تەكشۈرەمشىقۇ.

- تەكشۈرسە نىمە بولماقچىدى، ھەممىسى بىر قارا قاغا، نەدە قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقىغان بار، بەك بولسا غىپپىدە بىرەر ئىدارىگە يۆتكەپ باش قىلىپ قويىدۇ شۇ!

- بىزنىڭ سادىق مۇدىرىمىز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇدەك، پات-پات «ئېىست چۈجىلىرىم، ئېىست پۇللىرىم، قەرزلەرنى دوزاقتا بىللە ئېلىپ كېتەرمەنمۇ؟ ئېىست، ئېىست پۇللىرىم ..» دەپ جۆيلۈپ ياتارمىش. مەخەينىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماسمىشقۇ، ئېىست، گۇس-مۇستەك ئادەملەر ئىدى مانا، دەرت-ئەلەم ئەگكەن گەپ، سادىقاخۇن بىچارىنى يوقلاپ قويساق ساۋاپ بولامتى-دە؟

- ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق، قارىمامسىلەر ئاۋۇ بىچارىگە، ھەممە كەلگۈلۈك شۇنىڭغا كەلدى، نەچچە كۈندىلا ئېلىشىپ قالدى ئەنە، ئاۋۇ شېرىكلەشكەن توختىقارى، ئابدۇللا، قادىراخۇندەك نامەرتلەرنى دېمەمسىلەر، ھەممىسى شېرىك قەرزدىن تېنىۋېلىپ پەشنى قېقىپ كەتكەن گەپ، ساموۇش مۇدىرىمۇ بېشنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ تۇققانلىرىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىغانمىش، ئەلەم بولىدۇ-دە- تۇدىلەك «موخۇر» ئېتىزلىق تەرەپتىن ھەلۋەرەك-سەلۋەرەك كېلىۋاتقان نىزامىدىننى ئىشارە قىلدى. ھەممىنىڭ بېشى نىزامىدىن كېلىۋاتقان تەرەپكە بۇرالدى.

- ئېىست چۈجىلىرىم، جەننەتكە كىرگەنسىلەرمۇ ياكى دوزاختا كۆيگەنسىلەرمۇ؟ دوزاختا كۆيدۈرۈشتى نېجىزلار، دوزاختىن ئۇچۇپ چىقالارسىلەرمۇ چۈجىلىرىم، ئېىست، يېشىل پەي چىقاتتى ئەمەسمۇ، ئاينا ئوت ئىچىدە چۇرۇقلىشۋاتامدۇ، مېڭىڭلا باللىرىم، مېڭىڭلا چۈجىلەرنىڭ قورسىقى ئاچتى، دان بېرىڭلا، سۇ بېرىڭلا، سۇ! لويىلىلىقا ئوت كەتمىسۇن!!! يامغۇر ياغسا بولاتتى، قۇياش چىقسا بولاتتى، ئېىست چۈجىلىرىم....

ئىلگىرى كىمنىلا كۆرسە ئون قەدەم نېرىدىن سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ ئۆتىدىغان نىزامىدىن يەنە نىمىلەرنىدۇ دەپ ئالا-تاغىل سۆزلىگىنىچە، ھېچكىمگىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ نىزامىدىن كۆزگە چېلىقمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ نىزامىدىن پاتاڭدىكى قەرز-پەرز، يۈرىكىدىكى دەردى-سەرلەرنى خوتۇن-باللىرىغا قالدۇرۇپ،ئاتا باغرىدەك كەڭ، ئانا باغرىدەك ئىللىق، مېھرىبان، ھاتەمدەك سېخى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ئەزىز يۇرتنى تاشلاپ نەلەرگىدۇ غايىپ بولدى. ئۇ غايىپ بولدى، بىراق، بالا-چاقا، قان-قېرىنداشلىرى چۇڭقۇر ھەسرەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى....